# تەۋرات قانۇنى ۋە ئىنجىل — ئۇلارنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

ياقۇب پىراش

# «تەۋرات قانۇنى ۋە ئىنجىل ئۇلارنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟»

# «تەۋرات قانۇنى ۋە ئىنجىل ــ ئۇلارنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟»

## كىرىش سۆز

تەۋرات بىلەن ئىنجىل ئوتتۇرىسىدا نېمە مۇناسىۋەت بار، تەۋرات قانۇنى بىلەن ئىنجىل ئوتتۇرىسىدا نېمە پەرق بار؟ تەۋرات دەۋرى بىلەن ئىنجىل دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە پەرق بار؟ نېمشقا ئەرشتىن نازىل قىلىنغان بۇ ھەر ئىككى كىتاب بىرگە كېرەك؟ (تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىلنىڭ بىر پۈتۈن ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز؛ ھەممىسىنى «مۇقەددەس كىتاب» ياكى «مۇقەددەس يازمىلار» دەپ ئاتايمىز. مۇشۇ يەردە بىز «زەبۇر»نى تەۋراتنىڭ بىر قىسمى دەپ ھېسابلايمىز).

يۇقىرىقى سوئاللار ئىنتايىن مۇھىمدۇر؛ جاۋاب بېرىش ئۈچۈن خۇدانىڭ مۇقەددەس كىتابىنىڭ ھەربىر قىسمىدا بولغان مەقسىتىنى ئىزدىشىمىز كېرەك. شۇ ھەقىقەت كۆرۈنىدۇكى، ئىنجىلسىز تەۋراتنى تولۇق تەۋرات دېگىلى بولمايدۇ؛ تەۋراتنى ئىنجىل چۈشەندۈرىدۇ، تەۋراتمۇ ئىنجىلنى چۈشەندۈرىدۇ ۋە تەۋرات ئارقىلىق ئىنجىلدا ئاشكارە قىلىنغان سىرلار تېخىمۇ روشەن كۆرۈنىدۇ. باشقا يەرلەردە بىز تەۋرات بىلەن ئىنجىلنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەن بىلەن باشنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئوخشىتىمىز.

قىسقىسى، تەۋرات ۋە ئىنجىل خۇدانىڭ يولدىن تېنەپ كەتكەن، ئېغىر كېسەل باسقان بىر ئىنسانىيەتكە بولغان جاۋابىدۇر. تەۋرات كېسەلنىڭ ئېغىر ھالىتىنى ئاشكارىلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا توپتوغرا دىئاگنوز بېرىدۇ؛ ئىنجىل بولسا بىزنى تېۋىپقا، يەنى رەب ئەيسا مەسىھكە تونۇشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئىنسانىيەتنى باسقان، روھىي ئۆلۈم ئېلىپ بارىدىغان ئەجەللىك كېسەل بولسا گۇناھدۇر؛ ئەيسا مەسىھ

ئىنسانىيەتنى شۇ كېسەلدىن قۇتقۇزغۇچىدۇر.

## ئەمدى تەۋراتتا نېمە ئىشلار خاتىرىلىنىدۇ؟

ئوقۇرمەنلەر ئۇچۇن تۆۋەندىكى ئاددىي ئىخچام يەكۈننى بېرىمىز: —
(1) خۇدانىڭ ئالەمنى يارىتىشى، شۇنداقلا بۇنىڭدىكى مۇددىئا-مەقسىتى، بولۇپمۇ ئىنساندا بولغان مۇددىئا-مەقسىتى؛
(2) خۇدانىڭ ئىنسان بىلەن ئەسلىدىكى يېقىن مۇناسىۋىتى
(3) شۇ مۇناسىۋەتنىڭ ئىنساننىڭ گۇناھ سادىر قىلغىنى تۈپەيلىدىن بۇزۇلۇشى
(4) خۇدانىڭ ئىنساننىڭ گۇناھى ۋەجىدىن چۈشىدىغان بالايىئاپەتلەر توغرۇلۇق ۋەھىيسى ۋە شۇنداق تۇرۇقلۇق ئىنسانىيەتنى ئۆزىگە يېقىن مۇناسىۋەتكە قايتىدىن كەلتۈرۈش توغرۇلۇق ۋەدىسى
(5) خۇدا ئاگاھ-بېشارەت قىلغىنىدەك، ئىنساننىڭ گۇناھى ۋەجىدىن چۈشىدىغان «نەرىبىلىك جازا» بولغان ئاپەتلەر (مەسىلەن، نۇھ پەيغەمبەر دەۋرىدىكى توپان، «بابىل مۇنارى» قاتارلىق ۋەقەلەر)
(6) خۇدانىڭ ئىنسانىيەتنى ئۆزىگە يېقىن مۇناسىۋەتكە قايتىدىن كەلتۈرۈش توغرۇلۇق ۋەدىسى ئىبراھىمنى ئۆزىگە چاقىرىشى بىلەن باشلىنىدۇ. ئۇ ئىبراھىمغا: «سەن ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى بارلىق ئائىلە-قەبىلىلەرگە بەخت ئاتا قىلىنىدۇ» دەپ ۋەدە قىلىدۇ («يار.» 12:3). كېيىن، بۇ ۋەدە ئىبراھىمدىن چىققان ئەل، يەنى يەھۇدىي خەلقىگە قالدۇرۇلغان.
(www.mukaddeskalam.com دېگەن تور بېتىدىن تەۋرات تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان «تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل توغرۇلۇق ئومۇمىي كىرىش سۆز»نى كۆرۈڭ).

خۇدا «ئۇلار ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى بارلىق ئائىلە-قەبىلىلەرگە بەخت ئاتا قىلىنىدۇ» دەپ ۋەدە قىلغان؛ ئەمدى ئۇ يەھۇدىي خەلقى ئارقىلىق بىز («يەر يۈزىدىكى ئەللەر»)گە «بەخت يەتكۈزىدىغان» قانداق ئىشلارنى قىلدى؟

ئۇلارنىڭ تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق مۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇ: —

(1) خۇدا يەھۇدىي خەلقىگە ئۆزىنىڭ مۇتلەق ھاققانىيلىقى ۋە پاك-مۇقەددەسلىكىنى ئايان قىلدى. بۇلار خۇدا ئۇلارغا تاپىلىغان بارلىق قانۇن-بەلگىلىملەردە مۇجەسسەملەشكەن. باشقا ئەللەرمۇ بۇ قانۇنلار ئارقىلىق خۇدانىڭ تەبىئىتىدىن ئازراق بولسىمۇ چۈشەنچىگە ئىگە بولغان.

(2) يەھۇدىي خەلقى مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق چۈشۈرۈلگەن بۇ پۈتكۈل قانۇن-تۈزۈملەرگە ئەمەل قىلىشقا تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئىنتىلىشلىرى داۋامىدا ئۆزلىرىنىڭ گۇناھكار تەبىئىتىنىڭ ئاسارىتىگە ئەسىر بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ يەتتى.

(3) بۇنداق قاتتىق ساۋاقنى بىلگەندىن كېيىن، ئىسرائىلدا ئۆز گۇناھلىق تەبىئىتىنى ئوبدان بىلگەن، خۇداغا سادىق بولغان بىر «قالدى» پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىر قۇتقۇزغۇچىغا بولغان قەتئىي موھتاجلىقىنى تونۇپ يەتكەن؛ قۇتقۇزغۇچى دۇنياغا كەلگەندە ئۇلار ئۇنى قوبۇل قىلىشقا تەييار ئىدى.

(خۇدانىڭ «قالدى»سىدىن باشقىلار بولسا ئۆزىنىڭ قايتا-قايتا ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىگە كۆزىنى يۇمۇپ، ئۆزلىرىنى باشقا ئەللەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ: «ھەرھالدا، بىز بۇ «بۇتپەرەس كاپىرلار»دىن ياخشىمىز» دېيىشتى. بىراق خۇدا ئۇلارنىڭ قەلبىگە قاراپ ئۇلارنى ئەمەلىيەتتە كاپىرلاردىن بەتتەر دەپ بىلدى).

(4) كۆپ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتى ۋە سۆزلىرى خاتىرىلەنگەن تەۋرات-زەبۇردا، ھەرقايسى دەۋرلەردە ياشىغان كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ بايانلىرى ئارقىلىق خۇدا كەلگۈسىدە بىر قۇتقۇزغۇچى، يەنى مەسىھنى ئەۋەتىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. مەسىھ كەلگەندە ئۇ: (ئا) ئۆز ئازاب-ئوقۇبەتلىرى بىلەن شەيتاننى مەغلۇپ قىلىدۇ؛ (ئە) ئاۋۋال ئىسرائىلغا، ئاندىن بارلىق باشقا ئەللەرگە گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈمىنى ئېلىپ كېلىدۇ؛ (ب) نىجات، يەنى يېڭى (مەڭگۈلۈك) ھاياتنى ئېلىپ كېلىدۇ؛ باشقىچە ئېيتقاندا ئۇ خۇدانىڭ ئىنساندا، بولغان ئەسلىدىكى مەقسىتى، يەنى «ئىنسان ئوبرازىمىز ۋە سۈرىتىمىز بولسۇن» دېگەن مەقسىتىنى ئاخىرىدا ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ («يار.» 26:1).

(5) ئاخىرىدا، ئىسرائىل خەلقى ئارقىلىق قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ تۇغۇلۇپ

دۇنياغا كەلدى. ئۇ دەل «بارلىق ئەللەرگە ئاتا قىلىنغان بەخت»تۇر.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى بەخت-بەرىكەت يەتكۈزىدىغان باسقۇچلار تەۋراتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدۇر. «تەۋرات» دېگەننىڭ مەنىسى «يوليورۇق»، «ھىدايەت» — ئۇ پەقەت خۇدانىڭ ئەمرىلا ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارغا خۇداغا قەتئىي موھتاجلىقى توغرۇلۇق تەلىم-تەربىيە بېرىپ، خۇدا بىلەن ياراشتۇرۇش يولىنى، يەنى نىجاتنى ئايان قىلىدىغان كىتابتۇر. ئىنجىلنىڭ ئاساسىي خەۋىرى خۇدانىڭ نىجاتنى ئېلىپ كەلگەن مەسىھنىڭ دۇنياغا كېلىشى، ئەلۋەتتە؛ شۇڭا تەۋرات بىلەن ئىنجىلنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى «نەن بىلەن باش»نىڭ مۇناسىۋىتىدۇر — ئايرىلماس بىر پۈتۈنلۈكنىڭ ئىككى قىسمىدۇر.

تەۋراتنىڭ ئۇل ھەقىقىتى خۇدانىڭ ئىبراھىمنىڭ نەسىللىرى بولغان يەھۇدىي خەلقى بىلەن باغلىغان ئەھدىسىدۇر. ئەھدىنىڭ ئاساسى بولسا مۇسا پەيغەمبەرگە تاپشۇرغان مۇقەددەس قانۇن. شۇ قانۇن «مىس.» 19:5-6دە ئىخچاملىنىدۇ: —

«ئەمدى سىلەر ئەگەر دەرھەقىقەت مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ، ئەھدەمنى تۇتساڭلار، ئۇنداقتا بارلىق ئەللەرنىڭ ئارىسىدا ماڭا خاس بىر گۆھەر بولىسىلەر – چۈنكى پۈتكۈل يەر مېنىڭكىدۇر – ۋە سىلەر ماڭا كاھىنلاردىن تەركىب تاپقان خاس بىر پادىشاھلىق ۋە مۇقەددەس بىر قوۋم بولىسىلەر». مانا بۇ سەن ئىسرائىللارغا دېيىشىڭ كېرەك بولغان سۆزلەردۇر».

ئوقۇرمەنلەر مۇشۇ ئەھدىنىڭ ئېنىق بىر شەرتكە ئاساس قىلىنغانلىقىنى بايقىيالايدۇ — شۇ ئاساسى بولسا «ئەگەر» دېگەن مۇھىم سۆزدە مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەندۇر: «ئەگەر... مېنىڭ ئەھدەمنى تۇتساڭلار، ئۇنداقتا... سىلەرگە... بەخت ئاتا قىلىمەن» دېگەندەك. بۇنداق ئەھدە پۈتۈنلەي ئادىل بىر ئەھدە، ئەلۋەتتە؛ لېكىن ھەممىمىزگە ئېنىقكى، ئىسرائىل ئۆز كۆچىگە تايىنىپ خۇدانىڭ بۇ ئەھدىسىنى تۇتالمىدى ھەم ھازىرغىچە تۇتالمايۋاتىدۇ (بىزمۇ ئۇلارنىڭ ئورنىدا بولغان بولساق، ئوخشاشلا بولالمايتتۇق). شۇڭا شۇنداق دېيىشىمىزگە بولىدۇكى، مۇقەددەس قانۇننىڭ «ۋەزىپىسى» ئىنسانىيەتتە بولغان گۇناھنىڭ ئۆز ئەينىنى پاش قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. «گال.» 19:3-25دە مۇنداق دېيىلىدۇ: —

«ئۆزىدا ئىقتا، تەۋرات قانۇنىنى چۈشۈرۈشتىكى مەقسەت نېمە؟ ئۇ بولسا، ئىنسانلارنىڭ ئىتائەتسىزلىكلىرى تۈپەيلىدىن... يولغا قويۇلغان... ئۆزىدا ئىقتا، تەۋرات قانۇنى خۇدانىڭ ۋەدىلىرىگە زىتمۇ؟ ياق، ھەرگىز! ئەگەر بىرەر قانۇن ئىنسانلارنى ھاياتلىققا ئېرىشتۈرەلەيدىغان بولسا، ئۆزىدا ئىقتا ھەققانىيلىق جەزمەن شۇ قانۇنغا ئاساسلانغان بولاتتى. ھالبۇكى، مۇقەددەس يازمىلار پۈتكۈل ئالەمنى گۇناھنىڭ ئىلكىگە قاماپ قويغان. بۇنىڭدىكى مەقسەت، ئەيسا مەسىھنىڭ ساداقەت-ئېتىقادى ئارقىلىق ۋەدىنىڭ ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا بېرىلىشى ئۈچۈندۇر. لېكىن ئېتىقاد يولى كېلىپ ئاشكارە بولغۇچە، بىز تەۋرات قانۇنى تەرىپىدىن قوغدىلىپ، ئاشكارە بولىدىغان ئېتىقادنى كۈتۈشكە قاماپ قويۇلغانىدۇق. شۇ تەرىقىدە، بىزنىڭ ئېتىقاد ئارقىلىق ھەققانىي قىلىنىشىمىز ئۈچۈن تەۋرات قانۇنى بىزگە «تەربىيىلىگۈچى» بولۇپ، بىزنى مەسىھكە يېتەكلىدى. لېكىن ئېتىقاد يولى ئاشكارا بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىز «تەربىيىلىگۈچى»نىڭ نازارىتىدە بولمىدۇق».

مۇشۇ يەردىن مۇقەددەس قانۇننىڭ <u>بىرىنچى</u> رولى «تەربىيىلىگۈچى» ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز (بۇ رولى ئۇنىڭ بىردىنبىر رولى ئەمەس، ئەلۋەتتە).

ئىسرائىل خۇدانىڭ «ئەگەر مېنىڭ ئەھدەمنى تۇتساڭلار...» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپلا «خەلقنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن» دەرھال جاۋاب بېرىپ: «– پەرۋەردىگار بۇيرۇغاننىڭ ھەممىسىگە چوقۇم ئەمەل قىلىمىز!» دېدى. «مىس.» 8:19). لېكىن پەقەت بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن، بۇ چىرايلىق ۋەدە پۈتۈنلەي بۇزۇلدى. ھەتتا ئۇلار «پەرۋەردىگار بۇيرۇغاننىڭ ھەممىسىگە چوقۇم ئەمەل قىلالمايمىز!» دېگەن بولسا ئەمەلىيەتكە يېقىن بولاتتى.

يۇقىرىقى يازمىدا قايتايلى: «تەۋرات قانۇنى... ئىنسانلارنىڭ ئىتائەتسىزلىكلىرى تۈپەيلىدىن... يولغا قويۇلغان». بۇ سۆزنىڭ ھەرتەرەپلىملىك مەنىسى بار. بىرىنچى ۋە ئەڭ مۇھىم مەنىسى بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان، «گال.» 19:2دە كۆرسىتىلگەن — خۇدا تەۋرات قانۇنىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتتىكى گۇناھ مەسىلىسىنى تولۇق پاش قىلغۇچى قورالى بولۇشقا بەرگەن.

«رىم.» 13:7دە تەۋرات قانۇنى توغرۇلۇق دېيىلگەندەك: «ئۆزىدا ئىقتا، ياخشى

بولغىنى (يەنى تەۋرات قانۇنىدىكى ئەمر) ماڭا ئۆلۈم بولدىمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! بەلكى، گۇناھنىڭ (تەۋرات قانۇنىدىكى) ئەمر ئارقىلىق قەۋەتلا قەبىھ بولغانلىقى ئوچۇق ئاشكارىلانسۇن دەپ، ئەنە شۇ گۇناھ بۇ ياخشى ئەمردىن پايدىلىنىپ، مەندە ئۆلۈم پەيدا قىلدى».

قولى گال بولغان بىر مالايىنى مىسالغا ئالايلى، سافادا ئولتۇرۇپ ھېچ ئىش قىلمىغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ قولىنىڭ گاللىقى باشقىلارغا ياكى ئۆزىگىمۇ ھېچ بىلىنمەيدۇ. لېكىن بىرسى ئۇنىڭدىن بىرەر ئىشنى تەلەپ قىلسىلا ئۇنىڭ قولىنىڭ گاللىقى دەرھال ھەممىگە ئايان بولىدۇ. شۇنىڭدەك «ئەمر» ھەممىنى پاش قىلىپ، تەۋرات قانۇنى گۇناھىمىزنى ئاشكارە قىلىدۇ. خۇدانىڭ ئەمرىگە «ئەمەل قىلاي» دېگەنسېرى، گۇناھ تەبىئىتىمىز بارغانسېرى پاش قىلىنىدۇ.

كېسەل ئادەم ئۆزىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى بىلىشى ياكى بىلمەسلىكى مۇمكىن؛ تېۋىپ ئۇنىڭغا «ھالىڭىز ئىنتايىن خەتەرلىك»، دېسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ شۇم دىئاگنوزنى قوبۇل قىلىشى ناتايىن؛ بولۇپمۇ سىرتتىن قارىغاندا ھەممىسى ساق كۆرۈنسە، ئۇ بۇ گەپكە ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن. «ئېغىر ئوپېراتسىيە كېرەك» دېيىش ھېچقاندىقىمىزغا خۇشياقمايدۇ، ئەلۋەتتە؛ لېكىن روھىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھەممىمىزنىڭ ھالىتى دەل شۇنداقتۇر. تەۋرات قانۇنى بىزگە «ئەجەللىك كېسەللىگىڭىز بار» دېگەن دىئاگنوز يەتكۈزىدۇ؛ دىئاگنوزنى روھ-قەلبكە تېۋىپ بولغان مەسىھ ئەيسا تەرىدىن جەزملەشتۈرۈلگەندۇر: «ئىنساننىڭ ئىچىدىن چىقىدىغىنىلا، ئىنساننى ناپاك قىلىدۇ. چۈنكى شۇلار – يامان نىيەتلەر، زىناخورلۇق، جىنسىي بۇزۇقلۇقلار، قاتىللىق، ئوغرىلىق، ئاچكۆزلۈك، رەزىللىكلەر، شەھۋانىيلىق، ئالدامچىلىق، ھەسەتخورلۇق، تىل-ئاھانەت، تەكەببۇرلۇق ۋە ھاماقەتلىكلەر ئىنساننىڭ ئىچىدىن، يەنى ئۇنىڭ قەلبىدىن چىقىدۇ – بۇ رەزىل ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ ئىچىدىن چىقىپ، ئۆزىنى ناپاك قىلىدۇ» («ماركۇس» 7:21-23).

بۇ «يەھۇدىي خەلقى»گىلا كەلتۈرۈلگەن دىئاگنوز ئەمەس، بەلكى ھەممىمىزنىڭ ھالىتىنى بېكىتكەن دىئاگنوزدۇر. بۇنداق دەھشەتلىك ئەھۋالىمىز ئادەمئاتىنىڭ ئىتائەتسىزلىكى ۋە ئىمانسىزلىقىنىڭ ئاقىۋىتىدۇر — ئۇ خۇدانىڭ

«ياخشى بىلەن يامانى بىلگۈزگۈچى دەرەخ» توغرۇلۇق: «شۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن يېمىگىن؛ چۈنكى ئۇنىڭدىن يېگەن كۈنۈڭدە جەزمەن ئۆلىسەن» دېگەن ئەمرى ۋە ئاگاھىغا ئىشەنمىدى. ئادەمئاتىمىز شۇ مېۋىنى يېگەن كۈنىدە جىسمانىي جەھەتتە ئۆلمىدى، ھاۋائانىمىزمۇ ئۆلمىدى؛ لېكىن ئۇلار ئۇنىڭدىن تېخىمۇ مۇھىم خەھەتتىن ئۆلگەن — ئۇلار ئىككىسى روھىي جەھەتتىن ئۆلگەن. ئادەمئاتىمىز خۇدانى سېزەلمەيدىغان، تونىيالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان بىزلەرنىڭ ھالىمىز تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئوخشاشتۇر؛ روسۇل پاۋلۇس شۇ ھالىتىمىزنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «قەبىھلىكلىرىمىز ھەم گۇناھلىرىمىزدا ئۆلگەن» («ئەف.» 1:2). جىسمانىي ئۆلۈم پەقەت روھىي ئۆلۈمدىن چىققان مۇقەررەر ئاقىۋەتتۇر («رىم.» 12:5نى كۆرۈڭ).

ھالىمىزنى توغرا بايان قىلغان دىئاگنوزنى قوبۇل قىلىشنىڭ ئۆزى كىشىلىمىزگە شىپا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۆزىمىز تېۋىپنىڭ ئۆزى ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بىزگە شەخسەن داۋالاشلىرىنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. ئىنتايىن روشەنكى، لېكىن يەنىلا دېيىشى كېرەككى، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئىنتىلىشلىرى بىلەن ھەققانىي بولۇپ مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشەلەيدىغان بولسا، ئۇنداقتا بىر قۇتقۇزغۇچىنىڭ نېمە ھاجىتى؟ چۈنكى ئىنجىلنىڭ ئاساسىي خەۋىرى — «قۇتقۇزغۇچى كەلدى!» («ئىنجىل»نىڭ مەنىسى «خۇش خەۋەر»). روسۇل پاۋلۇس بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىرەر قانۇن ئىنسانلارنى ھاياتلىققا ئېرىشتۈرەلەيدىغان بولسا، ئۇنداقتا ھەققانىيلىق جەزمەن شۇ قانۇنغا ئاساسلانغان بولاتتى».

ئەمدى يېنىغا كېلىشىمىز كېرەك بولغان تېۋىپ زادى كىم؟ ئۇ بولسىمۇ، رەب ئەيسا مەسىھدىن باشقا ھېچكىم ئەمەس. مەسىھ «پەرىسىيلەر» دېگەن دىنىي مەزھەپتىكىلەر تەرىپىدىن: «سەن باجگىر ۋە ھەرخىل گۇناھكار ئادەملەرگە ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتىسەن» دەپ ئەرز قىلىنغاندا، ئۇنىڭ مۇنۇ جاۋابى خاتىرىلەنگەن: —

«ئەيسا ئۇلارغا جاۋابەن:
– ساغلام ئادەملەر ئەمەس، بەلكى كېسەل ئادەملەر تېۋىپقا موھتاجدۇر. مەن ھەققانىيلارنى ئەمەس، بەلكى گۇناھكارلارنى تووۋىغا

چاقىرغىلى كەلدىم» («لۇقا» 5:27-32).

پەرىسىيلەر ئۆزلىرىنى: «تەۋرات قانۇنىنى چىڭ تۇتۇۋاتىمىز» دەپ قاراپ، «ھەممىمىز ھەققانىي ئادەممىز» دەپ ھېسابلىغىنى تۈپەيلىدىن، ئۆزلىرىنىڭ ھېچقانداق تېۋىپقا ھاجەتمەن بولغانلىقىنى كۆرەلمەيتتى. لېكىن «باجگىرلار ۋە گۇناھكار ئادەملەر» ئۆز ئۆزلىرىنى گۇناھىنىڭ ئاسارەتلىرىدىن قۇتقۇزالمايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا خۇدانىڭ نىجاتىغا قەتئىي موھتاج بولغانلىقىنى ئېنىق كۆرەيتتى، شۇڭا رەببىمىز ئۇلارغا ھەمراھ بولۇشقا خۇش بولدى. قەدىرلىك ئوقۇرمەن، ئۆزىڭىزنىڭ نىجاتقا بولغان موھتاجلىقىڭىزنى كۆرگەنمۇسىز؟

«ئىنجىل»نىڭ تۈپ مەقستى قانداقتۇر يېڭى بىر قانۇن ياكى بىر تۈركۈم يېڭى بەلگىلىمىلەر بولۇش ئەمەس، بەلكى بىزگە تېۋىپىنىڭ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشتۇر. شۇڭا ئۇنىڭ ماھايىتى تەۋرات ۋە ئۇنىڭدا بولغان قانۇنىنىڭ ماھايىتىدىن پۈتۈنلەي باشقىچىدۇر. ئۇلۇغ تېۋىپىمىزنىڭ دەرۋەقە بىز ئۆتچۈن ئەمرلىرى بار، بىراق ئۇنىڭ شۇ ئەمرلىرىنى تۇتۇشقا بولغان كۈچ يەنىلا شۇ تېۋىپىنىڭ ئۆزىدىن كېلىدۇ — بىز شاخ دەرەخكە ئۇلانغاندەك، ئۇنىڭغا تايىنىپ، ئۇنىڭ ئەمرلىرىنى تۇتۇشقا ئۇنىڭدىن كۈچ ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىدە ياشاپ روھىي مېۋە بېرىمىز. رەببىمىز: «مەڭگۈلۈك ھايات شۇكى، بىردىنبىر ھەقىقىي خۇدا – سېنى ۋە سەن ئەۋەتكەن ئەيسا مەسىھنى تونۇشتىن ئىبارەتتۇر» دەپ ئېلان قىلىدۇ («يۇھ.» 17:3). خۇدانى تونۇش، خۇدا بىلەن شۇنداق مۇناسىۋەتتە تۇرۇشنىڭ ئۆزى بولسا نىجاتتۇر. روسۇل پېترۇسنىڭ تۆۋەندىكى بايانىنى كۆرەيلى: —

«سىلەر خۇدانى ۋە رەببىمىز ئەيسانى چوڭقۇر تونۇغانسېرى، مېھىر-شەپقەت ۋە خاتىرجەملىك سىلەرگە ھەسسىلەپ ئاشقاي! بۇ دۇئايىمنىڭ ئاساسى – بىز بىزنى ئۆزىنىڭ شان-شەرىپى ۋە ئېسىل پەزىلىتىنىڭ تەسىرى ئارقىلىق چاقىرغۇچىنى چوڭقۇر تونۇغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىلاھىي كۈچ-قۇدرىتى ھاياتىمىزغا ۋە ئىخلاسمەنلىكتە مېڭىشىمىزغا كېرەكلىك بولغان ھەممىنى ئاتا قىلدى. ئۇ مۇشۇ پەزىلەتلىرى ئارقىلىق بىزگە قىممەتلىك، ئەڭ ئۇلۇغ ۋەدىلەرنى بەردى، بۇلار بىلەن سىلەر بۇ دۇنيادىكى ھاۋايى-ھەۋەسلەردىن بولغان ئىپلاسلىقتىن قۇتۇلۇپ، خۇدالىق تەبىئەتكە ئورتاق نېسىپ بولالايسىلەر» («2پېت.» 1:2-4).

روسۇل پاۋلۇس بۇ ئىشلارنى تېخىمۇ ئاددىي ئىپادىلەيدۇ: —

«رەب ئەيساغا ئېتىقاد قىلغىن، ۋە شۇنداق قىلساڭ، ئۆزۈڭ ھەم ئائىلەڭدىكىلەرمۇ قۇتقۇزۇلىدۇ!» («روس.» 16:13)

«دېمەك، «ئەيسانىڭ رەب ئىكەنلىكىنى ئاغزىڭ بىلەن ئېتىراپ قىلساڭ ۋە قەلبىڭدە خۇدانىڭ ئۇنى ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن تىرىلدۈرگەنلىكىگە ئىشەنسەڭ، قۇتقۇزۇلىسەن»! چۈنكى ئىنسان قەلبىدە ئېتىقاد قىلىش بىلەن ھەققانىي قىلىنىدۇ، ئېغىزىدا ئېتىراپ قىلىش بىلەن نىجاتقا ئېرىشىدۇ. مۇقەددەس يازمىلاردا دېيىلگەندەك؛ «ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغۇچىنىڭ ھەربىرى ھەرگىز يەرگە قارىتىلماس»... رەببىمىز ئۆزىگە ھەممىسىگە نىدا قىلغانلارنىڭ مول بايلىقلىرىنى ئاتايمايدۇ. چۈنكى تەۋراتتا: «كىمدىكىم رەببىنىڭ نامىنى چاقىرىپ نىدا قىلسا قۇتقۇزۇلىدۇ» دەپ يېزىلغان» (« رىم.» 10:9-11، 13).

بىز يەنە بىر قېتىم نىجاتنىڭ قانداق كېلىدىغىنىنى ئېنىق كۆرسەتكەن، ئىنجىلدىكى «تېۋىپ» توغرۇلۇق شۇ باياننى كۆرەيلى. بايان مەسىھنىڭ ماتتا (لاۋىي) ئىسىملىك، كۆزگە ئىلىنمايدىغان بىر باجگىرنى چاقىرغىنى بىلەن باشلىنىدۇ. دىندار يەھۇدىيلارنىڭ نەزىرىدە ماتتا ھەتتا كاپىردىن بەتتەر ئىدى، چۈنكى ئۇ رىم ئىمپېرىيەسى ئۈچۈن خەلقتىن ئېغىر سېلىقلارنى ئۇندۇرۇشكە رىمغا غالچى بولدى: —

«بۇ ئىشلاردىن كېيىن، ئۇ يولغا چىقىپ، لاۋىي ئىسىملىك بىر باجگىرنى كۆردى. ئۇ باج يىغىدىغان ئورۇندا ئولتۇراتتى. ئۇ ئۇنىڭغا:

– ماڭا ئەگەشكىن! – دېدى.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەممىنى تاشلاپ، ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

لاۋىي ئۆيىدە ئۇنىڭغا كاتتا بىر زىياپەت بەردى. ئۇلار بىلەن زور بىر توپ باجگىرلار ۋە باشقىلارمۇ شۇ يەردە ھەمداستىخان بولغانىدى. بىراق پەرىسىيلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئېقىمىدىكى تەۋرات ئۇستازلىرى غودۇڭشۇپ ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىغا:

– سىلەر نېمىشقا باجگىر ۋە گۇناھكارلار بىلەن بىر داستىخاندا يەپ-ئىچىپ ئولتۇرىسىلەر؟! – دەپ ئاغرىنىشتى.

ئەيسا ئۇلارغا جاۋابەن:
– ساغلام ئادەملەر ئەمەس، بەلكى كېسەل ئادەملەر تېۋىپقا موھتاجدۇر. مەن ھەققانىيلارنى ئەمەس، بەلكى گۇناھكارلارنى توۋىغا چاقىرغىلى كەلدىم» («لۇقا» 5:27-31).
مانا بۇلار تېۋىپنىڭ سۆزلىرىدۇر. «پەرىسىيلەر» كۆرۈنۈشتە ئۆزلىرىنى تەۋرات قانۇنىغا ئاكتىپ ئەمەل قىلغاندەك كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار «مۇقەددەس قانۇن»دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۆزلىرى خالىغانچە چەكتىن ئاشقان بەزى بەلگىلىمىلەرنى قوشۇۋالغاندى (مەسىلەن، «ماركۇس» 7:1-13نى كۆرۈڭ). لېكىن ئۇلار مۇقەددەس قانۇننىڭ ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا بولغان تەلەپلىرىگە پىسەنت قىلمايتتى. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنى ھەققانىي (شۇنداقلا ئۆزلىرىگە ھېچقانداق «تېۋىپ» كېرەك ئەمەس) دەپ بىلەتتى. لېكىن رەببىمىزنىڭ يەر يۈزىدىكى كۈنلىرى قەيت قىلىنغان «ماتتا»، «ماركۇس»، «لۇقا» ۋە «يوھاننا»نى ئەستايىدىل ئوقۇغان ئوقۇرمەنلەر كۆرەلەيدۇكى، ئۇلارنىڭ بىلگىنى پۈتۈنلەي خاتا. بىراق ئۆزلىرىنىڭ خۇدانىڭ كەچۈرۈمىگە ھاجەتمەن، يېڭى ھاياتقا موھتاج بولغان گۇناھكار دەپ بىلگەنلەر بولسا تېۋىپنىڭ دىئاگنوزىنى ۋە شىپاسىنى قوبۇل قىلىشقا تەييار تۇراتتى (ۋە تۇرىدۇ). باجگىر ماتتا (لاۋىي) دېگەن كىشى (ئىنجىل «ماتتا»نى يازغان مۇئەللىپ) ئۇلاردىن بىرى ئىدى.
تېۋىپنىڭ شىپاسى تەۋراتتىكى پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق بىزگە ئايان قىلىنىدۇ؛ ئۇلار ھەم تېۋىپنىڭ دۇنياغا كېلىشى ھەم ئۇنىڭ شىپاسىنىڭ خەۋىرىنى ئالدىنئالا ئېيتقان. خۇدانىڭ گۇناھنى بىر تەرەپ قىلىدىغان، مەسىھدە بولغان شىپاسى تەۋراتتا «يېڭى ئەھدە» دېيىلىدۇ. يەرەمىيا پەيغەمبەر «يېڭى ئەھدە» توغرۇلۇق مۇنداق بېشارەت بەردى: —
«مانا، شۇ كۈنلەر كېلىدۇكى، – دەيدۇ پەرۋەردىگار، – مەن ئىسرائىل جەمەتى ۋە يەھۇدا جەمەتى بىلەن يېڭى ئەھدە تۈزىمەن؛ بۇ ئەھدە ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى بىلەن تۈزگەن ئەھدىگە ئوخشىمايدۇ؛ شۇ ئەھدىنى مەن ئاتا-بوۋىلىرىنى قولىدىن تۇتۇپ مىسىردىن قۇتقۇزۇپ يېتەكلىگىنىمدە ئۇلار بىلەن تۈزگەنىدىم؛ گەرچە مەن ئۇلارنىڭ يولدىشى بولغان بولسامۇ، مېنىڭ ئۇلار بىلەن تۈزۈشكەن ئەھدەمنى بۇزغان،

– دەيدۇ پەرۋەردىگار. چۈنكى شۇ كۈنلەردىن كېيىن، مېنىڭ ئىسرائىل جەمەتى بىلەن تۈزىدىغان ئەھدەم مانا شۇكى:
– مەن ئۆز تەۋرات-قانۇنلىرىمنى ئۇلارنىڭ ئىچىگە سالىمەن،
ھەمدە ئۇلارنىڭ قەلبىگىمۇ يازىمەن.
مەن ئۇلارنىڭ ئىلاھى بولىمەن،
ئۇلارمۇ مېنىڭ خەلقىم بولىدۇ.
شۇنىڭدىن باشلاپ ھېچكىم ئۆز يېقىنىغا ياكى ئۆز قېرىندىشىغا: – «پەرۋەردىگارنى تونۇغىن» دەپ ئۆگەتمەيدۇ؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكىدىن چوڭىغىچە ھەممىسى مېنى تونۇيدىغان بولىدۇ؛ چۈنكى مەن ئۇلارنىڭ قەبىھلىكىنى كەچۈرىمەن، ھەمدە ئۇلارنىڭ گۇناھىنى ھەرگىز ئېسىمگە كەلتۈرمەيمەن، – دەيدۇ پەرۋەردىگار» («يەر.» 31:31-34).
بۇ ئەھدىنى دىققەت قىلىپ ئوقۇسىڭىز، پەرۋەردىگار ئۇرغۇن قېتىم: «مەن،... مەن... مەن... مەن... قىلىمەن» دېگەن. بۇ ئەھدە: «ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى بىلەن تۈزگەن ئەھدىگە ئوخشىمايدۇ؛ شۇ ئەھدىنى مەن ئاتا-بوۋىلىرىنى قولىدىن تۇتۇپ مىسىردىن قۇتقۇزۇپ يېتەكلىگىنىمدە ئۇلار بىلەن تۈزگەن» دېگەندەك ئەمەس؛ دېمەك، بۇنىڭدا «ئەگەر... مۇنداق قىلساڭلار، ئەمدى مەن... قىلىمەن» دېگەندەك شەرتلەر مەۋجۇت ئەمەس. بۇ، خۇدانىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىدىغان ئىشىدۇر، ۋە ھەر بىر قوبۇل قىلغۇچى ئۈچۈن، بىر مۆجىزىدۇر. ئەھدىدە ۋەدە قىلىنغان ئىشلارنى خۇدانىڭ ئۆزى قىلىدۇ؛ ئەھدىنى قوبۇل قىلغان بارلىق كىشىلەرنىڭ روھ-قەلبىدە مۆجىزە يارىتىلىدۇ. ئەھدىنىڭ ئاساسى، ئۇنى بارلىققا كەلتۈرگەن يىلتىزى تېۋىپىنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن تارتقان ئازابلىرىدىدۇر. تۆۋەندە بىز بۇ توغرۇلۇق كۆپرەك توختىلىمىز.
خۇدا ئەزاكىيال پەيغەمبەر ئارقىلىق ئوخشاش ئەھدىنى يەنە بىر قېتىم جاكارلىدى: —
«– مەن سۈپسۈزۈك سۇنى ئۈستۈڭلارغا چاچىمەن، بۇنىڭ بىلەن سىلەر پاك بولىسىلەر. سىلەرنى ھەممە پاسكىنىلىقىڭلاردىن ۋە بۇتلىرىڭلاردىن پاكلايمەن. مەن سىلەرگە يېڭى قەلب بېرىمەن، ئىچىڭلارغا يېڭى بىر روھ سالىمەن؛ تېنىڭلاردىكى تاش يۈرەكنى ئېلىپ تاشلاپ، مېھرلىك بىر

قەلبنى ئاتا قىلىمەن. مېنىڭ روھىمنى ئىچىڭلارغا كىرگۈزۈپ، سىلەرنى ئەمر-پەرمانلىرىم بويىچە ماڭغۇزىمەن، ھۆكۈملىرىمنى تۇتقۇزىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ئەمەل قىلىسىلەر» («ئەز.» 36:25-27)

يەنە دىققەت قىلىپ ئوقۇسىڭىز، بۇ يەرلەردىمۇ قىلچىلىك شەرتلەر مەۋجۇت بولغان ئەمەس. خۇدا قايتا-قايتا «مەن،... مەن... مەن... مەن... قىلىمەن» دېگەن. ئەمدى ئەھدىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟ روسۇل پېترۇس دەل مۇشۇ سوئالغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: —

«توۋا قىلىڭلار، ھەربىرىڭلار ئەيسا مەسىھنىڭ نامىدا گۇناھلىرىڭلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى ئۈچۈن چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىڭلار ۋە شۇنداق قىلساڭلار خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بولغان مۇقەددەس روھ سىلەرگە ئاتا قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ۋەدە سىلەرگە ۋە سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلارغا، يىراقتا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىگە، يەنى پەرۋەردىگار خۇدايىمىز ئۆزىگە چاقىرغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئاتا قىلىنىدۇ» («روس.» 2:38-39).

«سۇغا چۆمۈلدۈرۈش»نى قوبۇل قىلىش ھەرگىز قانداقتۇر ھايات بېرىدىغان بىر سېھرىي رەسىم ئەمەس، بەلكى (ئا) ئەيسانىڭ سۆزلىرىگە ئىتائەت قىلىش؛ (ئە) خۇدا ئىنسانلارغا «يېڭى ئەھدە مەندە ئەمەلگە ئاشۇرۇلسۇن» دەپ مەسىھكە بولغان ئېتىقادنى بىلدۈرۈشكە بەرگەن ۋە بېكىتكەن ئىپادىدۇر («1پېت.» 3:18-21).

سوئال: — ئەمدى توۋا قىلىپ، مەسىھكە ئېتىقاد باغلىغان، ئەمما تېخى «سۇغا چۆمۈلدۈرۈش»نى قوبۇل قىلمىغان ھالەتتە ئەھدىنى قوبۇل قىلىپ، نىجاتقا ئېرىشىدىغانلار بارمۇ؟ ئەلۋەتتە بار؛ بولۇپمۇ «سۇغا چۆمۈلدۈرۈش»نى قوبۇل قىلىشتىكى مۇۋاپىق شارائىت بولمىسا ياكى ئۇنى ئۆتكۈزۈشكە مۇۋاپىق ئىشەنچلىك ئېتىقادچى يوق بولغان ئەھۋالدا خۇدا بۇ ئىشقا ئىگىدۇر. ئۇ خالىغان بولسا «سۇغا چۆمۈلدۈرۈش»نى قوبۇل قىلمىغان بىر ئېتىقادچىغا ئۆزى روھنى بېرەلەيدۇ؛ ئۇ ئاۋۋال قەلبىمىزدە بولغان ئېتىقادقا قاراپ، ئاندىن بىزنىڭ دۇنيا ئالدىدا ئۇنىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلىشىمىزغا قارايدۇ.

(مەسىلەن «لۇقا» 23:39-43نى كۆرۈڭ. رەب ئەيسانىڭ يېنىدا كىرېستكە

مىخلانغان جىنايەتچى ئەيساغا قاراپ ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلدى. ئەيسا ئۇنىڭغا «بەرھەق، مەن ساڭا ئېيتايكى، بۈگۈن سەن مەن بىلەن بىللە جەننەتتە بولىسەن» دېدى. بۇ جىنايەتچى ئېتىقادى تۈپەيلىدىن نىجاتقا ئېرىشكەن، لېكىن ئۇنىڭ «سۇغا چۆمۈلدۈرۈش»نى قوبۇل قىلىشىغا مۇمكىنچىلىك يوق ئىدى، ئەلۋەتتە).

شۇڭا ئىنجىل «يېڭى بىر قانۇن» ئەمەس، بەلكى بىزلەرنى تېخىمۇ تولۇقراق تونۇشتۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ئۇنداقتا، ئېتىقادچىنىڭ تەۋرات قانۇنىغا نېمە مۇناسىۋەت ياكى ئالاقىسى بار؟ بىر ئېتىقادچىلار تەۋرات قانۇنىغا قانداق قارىشىمىز كېرەك؟ روسۇل پاۋلۇس بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: —

«خۇددى شۇنىڭدەك، قېرىنداشلار، سىلەر ئەيسا مەسىھنىڭ قۇربانلىق تېنى ئارقىلىق تەۋرات قانۇنىغا نىسبەتەن ئۆلدۈڭلار. بۇنىڭ مەقسىتى سىلەرنىڭ باشقا بىرسىگە، يەنى ئۆلۈمدىن تىرىلگۈچىگە باغلىنىشىڭلار ۋە شۇنىڭ بىلەن خۇداغا مېۋە بېرىشىڭلاردىن ئىبارەتتۇر» («رىم.» 7:4).

گرېك تىلىدا: «سىلەرنىڭ باشقا بىرسىگە... باغلىنىشىڭلار» دېگەن ئىبارە ئادەتتە ئەرگە يېگىدىن تەگكەن قىزنىڭ ئېرىگە بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدۇ. ئادەمئاتا ۋە ھاۋائانا ۋە ئۇلاردىن كېيىن نىكاھلىنىپ بىر-بىرىگە باغلانغان ھەربىر ئەر-ئايال «بىر تەن» بولىدۇ («يار.» 2:24، «مات.» 6:19، «ئەف.» 5:31). شۇنىڭدەك مەسىھكە ئېتىقاد قىلغان بارلىق كىشىلەر خۇدا تەرىپىدىن ئۇنىڭ بىلەن «بىر روھ» قىلىنىدۇ — «رەببىگە باغلانغۇچى بولسا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىر روھتۇر» («1كور.» 6:17). يۇقىرىقى ھەقىقەتكە قارىغاندا، ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆز ئۆلۈمى ئارقىلىق قىلغان ئەمەللىرى بىلەن ھەربىر ئېتىقادچى «تەۋرات قانۇنىغا نىسبەتەن ئۆلدى»؛ چۈنكى مەسىھ: (ئا) ئۆلۈمدە بارلىق گۇناھلىرىمىزنىڭ جازالىرىنى ئۆزى تارتقان؛ (ئە) گۇناھنىڭ ئېتىقادچىلاردا بولغان كۈچى ۋە ئاسارىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ھەربىر ئېتىقاد قىلغۇچى كىشىنى گۇناھنىڭ ئەسىرلىكىدىن قۇتقۇزغان. مەسىھنىڭ بىزنى دەپ ئادا قىلغان بۇ ئۇلۇغ خىزمىتى «رىم.» 5:12-8:39دە تەپسىلىي تەسۋىرلىنىدۇ.

شۇڭا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، تەۋرات قانۇنىدىكى 613 ئەمر-بەلگىلىمىنىڭ ئېتىقاد قىلغۇچى كىشىگە ھېچقانداق تەلىپى قالمايدۇ. «ھېچقانداق تەلىپى قالمايدۇ» دېگەنلىك ئېتىقادچى ھازىر ئەخلاقسىز ياكى بۇزۇق ھاياتنى ئۆتكۈزىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدا ھازىر يېڭى بىر ھايات بار، دېگەنلىكتۇر؛ شۇ يېڭى ھاياتنىڭ بولۇشى بىلەن خۇددى ياتلىق قىز يېڭى ئېرىنى مەمنۇن قىلىشقا ئىنتىلگەندەك ئۇ ھەربىر ئىشتا مەسىھنى مەمنۇن قىلىشقا ياشايدۇ. بۇنداق يېڭى ياتلىق بولغان، ئېرىگە كۆڭلى تولۇق چۈشكەن چوڭقۇر سۆيگۈسى بولغان بىر قىز توغرۇلۇق ئويلىنايلى. ئېرىنىڭ ئۇنىڭغا «ئۆي باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر» دېگەن بىر دەپتەرنى بېرىشىنىڭ ھاجىتى يوقتۇر! شۇنداق بىر خىيال بەك كۈلكىلىك بولمامدۇ؟! ئېرىنى چوڭقۇر سۆيگىنى ئۈچۈن ئۇ يولدىشىغا چوڭقۇر سۆيگۈسى بولغاندىن كېيىن ئۇ دائىم قانداق ئويلايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە ئاندىن ھەتتا ئۇ تەلەپ قىلمايمۇ، ئۇنىڭ ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىدۇ. خۇدانىڭ ئىرادىسى، جامائەتنىڭ مەسىھكە بولغان مۇناسىۋىتى شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. نەتىجە بولسا «خۇداغا مېۋە بېرىش»تۇر.

ھەممىمىزگە ئايان، «مېۋە» ئۇسۇلۇكىنىڭ قانداقتۇر بىرخىل تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئىنتىلىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ پەقەت خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بولغان ئاپتاپ، يامغۇر ۋە تۇپراقنىڭ ئوزۇقلۇقىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن كېلىدۇ، خالاس. شۇنىڭغا ئوخشاش، مەسىھكە تايانغان كىشى خۇدا بىلەن بولغان يېقىن ئالاقىسى ھەم سىرداشلىقى بىلەن ئۇنىڭغا شان-شەرەپ كەلتۈرىدىغان تىلسىمات مېۋە بېرىدۇ: —

«ۋەھالەنكى، روھنىڭ مېۋىسى بولسا مېھىر-مۇھەببەت، شاد-خۇراملىق، خاتىرجەملىك، سەۋر-تاقەت، مېھرىبانلىق، ياخشىلىق، ئىشەنچ-سادىقلىق، مۆمىن-مۇلايىملىق ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشتىن ئىبارەت» («گال.» 22:5)

مەڭگۈلۈك ھايات خۇدانىڭ ھەقسىز سوۋغىتىدۇر («ئەف.» 8:2، «رىم.» 23:6). بەزىلەرنىڭ خۇدانىڭ بۇ شاپائىتىگە تۆھمەت چاپلاپ: «مەن خۇدانىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتنى، جۇملىدىن ئۇنىڭ كەچۈرۈمى بولغان ئىلتىپاتنى قوبۇل

قىلىمەن، ئاندىن خالىغانچە ھەرقانداق قەبىھلىكنى قىلىشقا بولىدۇ!» دەپ ئىزىپ كەتكەنلىكى ئۈستىدە سەل توختالمىساق بولمايدۇ. خۇدانىڭ شۇنداق كىشىلەرنى ئاخىرىدا قاتتىق جازاغا بېكىتىشى پۈتۈنلەي ئادىل ئىشتۇر («رىم.» 8:3). ئۇلار مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ خۇدانىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بىر ھايات، شۇنىڭدەك خۇدانىڭ ئىرادىسىگە مۇۋاپىق ھالدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بىر ھايات بولغانلىقىنى كۆرۈشنى خالىماي قەستەن كۆزلىرىنى كور قىلىدۇ.

يۇقىرىدا بىز مەسىھ ۋە ئۇنىڭ جامائىتىنى يېڭىدىن تويى قىلغان ئەر-ئايالنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاتتۇق. بىز يەنە، ئىنجىلنى بىر «قوللانما» ئەمەس دېگەنىدۇق. ھالبۇكى، ئەر ئۆز ئۆيىگە باش بولۇش سۈپىتىدە ئايالىغا بىرنەچچە تەلەپلىرى بولغاندەك، ئىنجىل دەرۋەقە مەسىھنىڭ روسۇللىرى ئارقىلىق ئۆز جامائىتىگە يەتكۈزگەن بەزى ئەمرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئەمرلەرنىڭ تۈپ ماھىيىتىدە روھىي ئەمرلەر بولغاچقا، خۇددى مەلۇم كىشىنىڭ ئۆز ئۆيىدىكىلەرگە قويغان تەلەپلىرى ئائىلىسىدىن سىرتتا تۇرۇۋاتقان ئادەملەرگە نىسبەتەن چۈشىنىش مۇمكىن بولمايدىغاندەك، مەسىھنىڭ ئەمرلىرىنى پەقەت مەسىھكە تەۋە بولغانلارلا چۈشىنىشى مۇمكىن.

شۇ يەردە بىز بۇ تىلسىمات ئەھدىنىڭ قانداق يول بىلەن بارلىققا كەلتۈرۈلگەنلىكى، قانداق يول بىلەن بارلىق ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا ھەقسىز يەتكۈزۈلگەنلىكىگە كۆڭۈل قويۇپ ئويلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەھدە گەرچە ئىنسانلارغا ھەقسىز بولسىمۇ، ئۇ چەكسىز بىر باھا بىلەن كەلگەندۇر. مەسىھ ئۆزى ئۇنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە بەدەل تۆلىدى؛ تەۋرات ۋە زەبۇرنىڭ بېشارەتلىرى بويىچە، ئىنجىلدىكى گۇۋاھلىق بويىچە، رەب ئەيسا مەسىھ كرېستكە مىخلانغاندا، ئۇ «پۈتكۈل دۇنيانىڭ گۇناھلىرىنى ئېلىپ تاشلايدىغان» قۇربانلىق بولدى. شۇڭا ئۇ ئىنجىلدا «خۇدانىڭ قوزىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆزىدە گۇناھ يوق بولغۇچى ئۆزلىرىنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن مەڭگۈلۈك ئۆلۈمگە لايىق بولغانلار (بىزلەر) ئۈچۈن شۇ دەھشەتلىك جازانى كۆتۈردى. ئۇنىڭ پۈتۈنلەي پاك-مۇقەددەس سالاھىيىتى بىلەن ئۇ بارلىق ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارغا تېگىشلىك بولغان مەڭگۈلۈك جازالارنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن كرېستتا ئالتە سائەت ئازاب تارتتى.

«مەسىھ بىزنى تەۋرات قانۇنىدىكى لەنەتتىن ھۆر قىلىش ئۈچۈن

ئورنىمىزدا لەنەت بولۇپ بەدەل تۆلىدى. بۇ ھەقتە مۇقەددەس يازمىلاردا: «ياغاچقا ئېسىلغان ھەرقانداق كىشى لەنەتكە قالغان ھېسابلانسۇن» دەپ يېزىلغان. شۇنىڭ بىلەن مەسىھ ئەيسا ئارقىلىق ئىبراھىمغا ئاتا قىلىنغان بەخت يات ئەللىكلەرگىمۇ كەلتۈرۈلۈپ، بىز ۋەدە قىلىنغان روھنى ئېتىقاد ئارقىلىق قوبۇل قىلالايمىز» («گال.» 3:13-14)

«چۈنكى مەسىھ بىزنى خۇدا بىلەن ياراشتۇرۇش ئۈچۈن، يەنى ھەققانىي بولغۇچى ھەققانىي ئەمەسلەرنى دەپ، بىرلا قېتىملىق ئازاب-ئوقۇبەت چەكتى ؛ گەرچە ئۇ تەن جەھەتتە ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن روھتا جانلاندۇرۇلدى» («1پېت.» 3:18).

شۇنداق بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنىڭ گۇناھنىڭ تۆلۈپ ماھىيىتى ياكى يىلتىزىنى بىر تەرەپ قىلىشى بىلەن بارلىق ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئۆز ئىنسانىي تۆلۈپ شەخسىي تەبىئىتىدىن، يەنى گۇناھلىق تەبىئىتىدىن ئازاد قىلىنىدۇ؛ دېمەك، مەسىھكە ئېتىقاد قىلىشى بىلەن ھەربىرى ئىككىنچىدىن گۇناھنىڭ قۇلى بولمايدۇ: —

«بىر ئادەمنىڭ بىر قېتىملىق ئىتائەتسىزلىكى ئارقىلىق نۇرغۇن كىشىلەر دەرۋەقە گۇناھكار قىلىنىپ بېكىتىلگەندەك، بىر ئادەمنىڭ بىر قېتىملىق ئىتائەتمەنلىكى بىلەنمۇ نۇرغۇن كىشىلەر ھەققانىي قىلىنىپ بېكىتىلىدۇ» (« رىم.» 5:19).

«شۇنى بىلىمىزكى، گۇناھنىڭ ماكانى بولغان تېنىمىز كاردىن چىقىرىلىپ، گۇناھنىڭ قۇللۇقىدا يەنە بولماسلىقىمىز ئۈچۈن، «كونا ئادەم»ىمىز مەسىھ بىلەن بىللە كرېستتا مىخلىنىپ ئۆلگەن (چۈنكى ئۆلگەن كىشى گۇناھتىن خالاس بولغان بولىدۇ)» (« رىم.» 6:6-7).

«گۇناھقا ھېچ تونۇش بولمىغان كىشىنى خۇدا بىزنى دەپ گۇناھنىڭ ئۆزى قىلدى ؛ مەقسىتى شۇكى، بىزنىڭ ئۇنىڭدا خۇدانىڭ ھەققانىيلىقى بولۇشىمىز ئۈچۈندۇر» («2كور.» 5:21).

پەيغەمبەرلەرنىڭ (يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان) «يېڭى ئەھدە» توغرىسىدىكى بايانلىرىغا قارىغاندا، پەقەت قەلب-روھىمىزنىڭ مەسىھكە باغلانغان ھالدا ياشىشىمىز بىلەن مەسىھنىڭ ئەمرلىرىنى ئادا قىلالايدىغان بولىمىز. بۇنداق بىرلىك ياكى باغلىنىش ئىنجىلدىكى كۆپ يەرلەردە «رەبدە بولۇش»، «مەسىھدە بولۇش» «روھتا (يەنى خۇدانىڭ ئۆز روھىدا، مۇقەددەس روھتا) مېڭىش» دېگەن ئىبارىلەر بىلەن بىلدۈرۈلىدۇ.

گەرچە تەۋرات قانۇنىدىكى 613 ئەمر-بەلگىلىمىنىڭ ئېتىقاد قىلغۇچى كىشىگە ھازىر ھېچقانداق قانۇنلۇق تەلىپى ياكى شەرت قويغان يېرى قالمىغىنى بىلەن، مەسىھكە ئېتىقاد قىلغۇچى ھەربىر ئادەم شۇ قەدىمكى قانۇندىكى كۆپ يەرلەردىن سۆيۈنىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆپ پايدىلىنىدۇ، كۆپ دانالىق ئالىدۇ؛ چۈنكى بىز ئۇنى ئوقۇپ، ئۇنى بەرگۈچى خۇدانىڭ ھەققانىي ۋە ئادىل ماھايىتى ئۇنىڭدا روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگۈچى بولىمىز. ئۇنىڭدا مول دانالىق-ھەقىقەت باردۇر؛ يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئەگەر بىز ھەردائىم « رەبنىڭ قانداق ئويلايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە ئاندىن ھەتتا ئۇ تەلەپ قىلماي تۇرۇپ ئۇنىڭ ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىش»نى خالىساق ئۇنداقتا پۈتكۈل تەۋرات، جۈملىدىن تەۋرات قانۇنى بىزگە خۇدانىڭ چوڭ ئىلتىپاتى تۇيۇلۇپ، قىممەتلىك مەدەت بولىدۇ. مەسىھنىڭ ئىنجىلدا خاتىرىلەنگەن بىزگە بولغان ئەمرلىرىنىڭ ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلانغىنىمىزدەك، بىز تەۋرات قانۇنىنىڭ ئۈستىدىمۇ چوڭقۇر ئويلىنىمىز. تەۋرات قانۇنىدىن بىز خۇدانىڭ بارلىق ئىنسانلارغا بولغان «ھەققانىي تەلىپى»نى كۆرىمىز — دېمەك، خۇدانىڭ ھەققانىي ماھايىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەخلاقىي ئەمرلەرنى كۆرىمىز. بىز يەنە قۇربانلىقلار توغرۇلۇق، رەسمىيەتلەر توغرۇلۇق ياكى بۆلەك مەقسەتلەردە نازىل قىلىنغان، خۇدادىن ئىسرائىلغا چۈشۈرۈلگەن باشقا بەزى ۋاقىتلىق ئەمرلەرنى كۆرىمىز. ئۇنداقتا، مەسىھكە ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ تەۋرات قانۇنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نېمە؟ بۇ تېمىدا بىز تۆۋەندە «رىملىقلارغا»دىكى «كىرىش سۆز»ىمىزدىن ئازراق نەقىل كەلتۈرىمىز: —

## (3) ئىشەنگۈچىلەرنىڭ تەۋرات قانۇنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرۇلۇق

تەۋرات قانۇنىنى ئوقۇپ چىققانلارغا مەلۇمكى، ئۇنىڭ جەمئىي بەش جەھەتتىكى تەلىپى بار: —

(1) ئەخلاق جەھەتتىكى تەلەپلەر. بۇلار پەقەت «مىسىردىن چىقىش» 20-بابتا خاتىرىلەنگەن «ئون ئەمر-پەرھىز»لا ئەمەس، بەلكى تەۋراتنىڭ باشقا كۆپ يەرلىرىدە خاتىرىلەنگەن ئەخلاق تەلەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «خۇدادىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھلار بولمىسۇن»، «ئاتا-ئاناڭلارغا ھۆرمەت قىلىڭلار»، «ئوغرىلىق قىلماڭلار»، «يېقىنىڭنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆيگىن»، «ھېچقانداق يالغان گۇۋاھلىق بەرمە» قاتارلىق بۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن ئەخلاق توغرىسىدىكى تەلەپلەرمۇ بار. ئىشەنچىمىز كامىلكى، بۇنداق تەلەپلەرنى ھەر دەۋردىكى ئىشەنگۈچىلەر تولىمۇ ھەققانىي، دۇرۇس، ئېسىل دەپ قارايدۇ.

(2) يەھۇدىي خەلقىنىڭ شارائىتىغا ۋە سالامەتلىكىگە ئۇيغۇن بەزى ئەمەلىي تەلەپلەر: مەسىلەن، «كىشىلەرنى شۇ يەردىن يىقىلىپ كەتمىسۇن دەپ ئۆيۈڭلارنىڭ ئۆگزىسىنىڭ تۆت ئەتراپىغا توسما تام ياساڭلار» («قان.» 8:22) (يەھۇدىي خەلقى دائىم ئۆگزىلىرىدە تاماق يەيدۇ، ئۇخلايدۇ)، «تەرەت قىلىدىغان يەر تۇرالغۇ جايلىرىڭلاردىن ئايرىم جايدا بولسۇن» («قان.» 3:23)، قاتارلىقلار.

(3) قانۇنغا خىلاپلىق ئىشلارغا قارىتا تېگىشلىك جازالار؛ مەسىلەن: «ئەگەر مەلۇم بىر ئادەمنىڭ كالىسى باشقا بىرسىنىڭ كالىسىنى ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، ئۇلار ئۈسكۈچى كالىنى سېتىپ پۇلىنى تەڭ ئۈلەشسۇن ھەم ئۆلگەن كالىنىڭ گۆشىنىمۇ شۇنداق قىلسۇن» («مىس.» 35:21)، قاتارلىقلار

(4) «ئوبراز جەھەتتىكى» تەلەپلەر. مەسىلەن، «كالا ۋە ئېشەكنى تەڭ قوشقا قاتقىلى بولمايدۇ» («قان.» 9:22)، «ئۇستۈڭگە ئىككى خىل رەختتىن تىكىلگەن كىيىمنى كىيمە» («قان.» 11:22)، قاتارلىقلار.

(5) ئىبادەت چېدىرىغا ياكى ئىبادەتخانىغا ۋە شۇنىڭدەك ھېيت-بايراملارغا مۇناسىۋەتلىك بەزى رەسىم-قائىدىلەر، جۈملىدىن ئادەمنىڭ گۇناھىنى تىلەيدىغان ۋە باشقا قۇربانلىقلارغا باغلانغان ئەمرلەر.
(يۇقىرىقى 4- ۋە 5-جىل ئەمرلەرنىڭ ھەممىسى «سىمۋوللۇق، بېشارەتلىك» ئەمرلەر دەپ ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئۇلار كەلگۈسى زاماندىكى، مەسىھدە بولىدىغان نىجاتنى كۆرسىتىدۇ).

ئەمدى يۇقىرىدىكى سۆزىمىزنى قايتىلىساق، روسۇل پاۋلۇسنىڭ «بىز «مەسىھدە» (مەسىھ ئارقىلىق) تەۋرات قانۇنىنىڭ ئىلكىدىن خالاس بولدۇق»، «مەسىھدە تەۋرات قانۇنىغا نىسبەتەن ئۆلدۇق» («رىم.» 4:7-6) دېگەن سۆزلىرى قانۇننىڭ قايسى جەھەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ؟ بىزنىڭچە ھەربىر جەھەتتىن ئېيتىلىدۇ.
مەسىھ كېلىشى بىلەن ئۇ ئىنسانلارنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، «ئەڭ ئاخىرقى قۇربانلىق» بولۇپ، تەۋرات قانۇنىدا كۆرسىتىلگەن بارلىق بېشارەتلىك، سىمۋوللۇق تەلەپلەرنى بىراقلا ئەمەلگە ئاشۇردى. بۇ تەلەپلەر ئۇنىڭ قۇربانلىقى بىلەن ھېچكىمگە كېرەك ئەمەس بولۇپ قالدى، ئەلۋەتتە. بىراق مەسىھنىڭ ئۆلۈمى ئىشەنگۈچىلەرنىڭ تەۋرات قانۇنىدىكى باشقا تەلەپلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى.
ھەربىر دەۋردە خۇدانىڭ ئىنسانغا تېگىشلىك بولغان ئەخلاق تەلەپلىرى ئۆزگەرمەيدۇ، ئەلۋەتتە. ھالقىلىق ئىش شۇكى، ئىنسان ئەسلىدىلا گۇناھكار بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ تەلەپلەرگە ھەرگىز ئەمەل قىلالمايدۇ. بۇ تەلەپلەرنى روسۇل پاۋلۇس «رىم.» 4:8دە «قانۇننىڭ ھەققانىي تەلىپى» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، «تەۋرات قانۇنى»دىكى ئەخلاق تەلەپلىرى خۇدانىڭ ئىنسانغا بولغان پۈتۈن

ئەخلاق تەلەپلىرىنى ئىپادىلىمەيدۇ (مەسىھنىڭ بۇ توغرىسىدىكى تەلىمىنى كۆرۈڭ — ئىنجىل، «ماتتا»، 5-7-بابلار). تۇۋۋا قىلغان ھەربىر ئىشەنگۈچى تەۋرات قانۇنىدىكى ئەخلاق تەلەپلىرىنى ئىنتايىن ئېسىل، ئىنتايىن ياخشى دەپ قارايدۇ ۋە خۇدانىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈن بۇلارغا ئەمەل قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ؛ بىراق ئىشەنگۈچى ئۆزىگە تايىنىپ ئۇلارغا ئەمەل قىلالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قانۇنغا ئەمەل قىلىشقا بولغان ئۇنۇمسىز تىرىشىشلىرىنى تاشلاپ قويغان ۋە ئۆزىنى ئىشەنگۈچى سۈپىتىدە «**قانۇنغا نىسبەتەن ئۆلگەن**» دەپ ھېسابلايدۇ. ئېتىقادچى خۇدانىڭ يېڭى ئەھدىسىگە ئىشىنىپ، خۇداغا تايىنىپ: — «خۇدانىڭ ماڭا ئاتا قىلغان روھى ئارقىلىق ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمرلىرىنى مەندە ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ» دەپ ئىشىنىدۇ. ھازىر ئەمەل قىلغۇچى، ئىشلىگۈچى، ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلغۇچى ئۇ ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئۆزىدۇر. خۇدا ئۆز مۇھەببىتىنى قەلبىمىزگە قۇيغاندىن كېيىن («رىم.» 5:8) ئۇ ئۆزى بىز ئارقىلىق ئۆز ئەمەللىرىنى يۈرگۈزىدۇ، ئۆز مۇھەببىتىنى باشقىلارغا كۆرسىتىدۇ: — «**باشقىلارنى سۆيگەن كىشى ئۆز يېقىنىغا ھېچقانداق يامانلىق قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مېھىر-مۇھەببەت بولسا، تەۋرات قانۇنىنىڭ تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىدۇر**» («رىم.» 10:13).

بۇلارنى چۈشەنگەندىن كېيىن، بىز ھازىر يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك، شۇنداقلا كۆپ ئادەملەر سورايدىغان مۇنداق بىر سوئالغا جاۋاب بېرەلەيدىغان بولىمىز: —

**خۇدا ئۆز قەدىمكى خەلقى ئىسرائىلغا تەۋرات قانۇنىدا تاپشۇرغان ئەمرلىرى بىلەن ئۇنىڭ رەببىمىز ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق جامائەتكە تاپىلىغان، ئىنجىلدا خاتىرىلەنگەن ئەمرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرقلەر بارمۇ؟ بار بولسا، نېمە ئۈچۈن؟**

پەرقلەر بار. مەسىلەن، تەۋراتتا ئەر كىشىگە بىردىن كۆپ ئايالنى ئەمرىگە ئېلىشقا بولىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ (ھالبۇكى، تەۋراتتىكى تارىخلاردا شۇنداق ئىككى-ئۈچ ئاياللىق بىر ئائىلە توغرۇلۇق مول ئىسپات باركى، ئۇلار كۆپ بەختسىزلىككە ئۇچرايدۇ). ئىنجىلدا بولسا جامائەتكە يېتەكچى بولۇش ئۈچۈن (يېتەكچى كۆپ تەرەپلەردە ئۈلگە بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە) بىر ئاياللىق بولۇشى كېرەك، دېيىلىدۇ («1تىم.» 2:3 — بۇ ئەمر بىردىن كۆپ ئايالنى ئاللىقاچان ئەمرىگە ئالغان ئەر كىشىنىڭ ئېتىقاد قىلىشقا كىرىشكە توسالغۇ بولمايدۇ، ئەلۋەتتە — پەقەت ئۇ جامائەتكە يېتەكچى بولالمايدۇ).

يەنە كېلىپ، تەۋراتتا خۇدا ئىسرائىللارغا قانائاندىكى ئەللەرنى يوقىتىشنى ئەمر قىلىدۇ؛ ئىنجىلدا رەب ئەيسا بىزگە: — «**مەن ئۆزۈم شۇنى سىلەرگە ئېيتىپ قويايكى، سىلەرگە دۈشمەنلىك بولغانلارغا مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىڭلار، سىلەردىن نەپرەتلەنگەنلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلغانلارغا دۇئا قىلىڭلار. شۇنداق قىلغاندا، ئەرشتىكى ئاتاڭلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن بولىسىلەر. چۈنكى ئۇ قۇياشىنىڭ نۇرىنى ياخشىلارغىمۇ ۋە يامانلارغىمۇ چۈشۈرىدۇ، يامغۇرنىمۇ ھەققانىيلارغىمۇ، ھەققانىيەتسىزلارغىمۇ ياغدۇرىدۇ**» دەيدۇ («ماتتا» 5:44-45).

بىز تۆۋەندە بۇ ئىككى مىسال توغرۇلۇق، شۇنداقلا پەرقلەرنىڭ ئاساسىي سەۋەبلىرى توغرۇلۇق تەپسىلىي سۆزلەيمىز؛ ئاندىن سۆزلىرىمىزنى تەستىقلاشقا يەنە ئىككى مىسال كەلتۈرىمىز.

## تەۋرات قانۇنىدىكى تەلەپلەر ۋە ئىنجىلدىكى ئېتىقادچىلارغا بولغان تەلەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر – بىرىنچى مىسال

ئىنجىلدىكى رەببىمىزنىڭ مۇخلىسلىرىغا بولغان تەلەپلىرى بىلەن تەۋرات قانۇنىدىكى ئىسرائىلغا بولغان تەلەپلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر پەرىسىيلەرنىڭ رەببىمىز بىلەن بولغان كۆپ سۆھبەتلىرىدىن ياكى تالاش-تارتىشلىرىدىن ئېنىق كۆرۈنىدۇ. رەببىمىز مۇخلىسلىرىغا «**زىنا بىلەن ۋاپاسىزلىق قىلغانلىق**

سەۋەبىدىن باشقا، تالاق قىلىشقا بولمايدۇ» دەپ ئېنىق تەلىم بەرگەن. تۆۋەندە پەرىسىيلەر ئۇنىڭغا «تالاق قىلىش» توغرۇلۇق كەسكىن بىر سوئال قويىدۇ:

—

«ئەمدى بەزى پەرىسىيلەر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى قىلتاققا چۈشۈرۈش مەقسىتىدە ئۇنىڭدىن:

– بىر ئادەمنىڭ ھەرقانداق سەۋەبتىن ئايالىنى قويۇۋېتىشى تەۋرات قانۇنىغا ئۇيغۇنمۇ؟ – دەپ سورىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ جاۋابەن مۇنداق دېدى:

– تەۋراتتىن شۇنى ئوقۇمىدىڭلارمۇ، ئالەمنىڭ باشلىنىشىدا ئىنسانلارنى ياراتقۇچى ئۇلارنى «ئەر ۋە ئايال قىلىپ ياراتتى» ۋە «شۇ سەۋەبتىن ئەر كىشى ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىدۇ، ئايالى بىلەن بىرلىشىپ ئىككىسى بىر تەن بولىدۇ». شۇنداق ئىكەن، ئەر-ئايال ئەمدى ئىككى تەن ئەمەس، بەلكى بىر تەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇدا قوشقاننى ئىنسان ئايرىمىسۇن.

پەرىسىيلەر ئۇنىڭدىن يەنە:

– ئۇنداقتا، مۇسا پەيغەمبەر نېمە ئۈچۈن تەۋرات قانۇنىدا ئەر كىشى ئۆز ئايالىغا تالاق خېتىنى بەرسىلا ئاندىن ئۇنى قويۇۋېتىشكە بولىدۇ، دەپ بۇيرۇغان؟ – دەپ سوراشتى.

ئۇ ئۇلارغا: – تاش يۈرەكلىكىڭلاردىن مۇسا پەيغەمبەر ئاياللىرىڭلارنى تالاق قىلىشقا رۇخسەت قىلغان؛ لېكىن ئالەمنىڭ باشلىنىشىدا بۇنداق ئەمەس ئىدى. ئەمدى شۇنى سىلەرگە ئېيتىپ قويايكى، ئايالىنى بۇزۇقلۇقتىن باشقا بىرەر سەۋەب بىلەن تالاق قىلىپ، باشقا بىرىنى ئەمرىگە ئالغان ھەرقانداق كىشى زىنا قىلغان بولىدۇ.

مۇخلىسلار ئۇنىڭغا:

– ئەگەر ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت شۇنداق بولسا، ئۇنداقتا ئۆيلەنمەسلىك ياخشى ئىكەن، – دېدى.

ئۇ ئۇلارغا:

– بۇ سۆزنى ھەممىلا ئادەم ئەمەس، پەقەت خۇدا نېسىپ قىلغانلارلا

قوبۇل قىلالايدۇ. چۈنكى ئانىسىنىڭ بالىياتقۇسىدىن تۇغما بەزى ئاغۋاتلار بار؛ ۋە ئىنسان تەرىپىدىن ئاختا قىلىنغان بەزى ئاغۋاتلارمۇ بار؛ ۋە ئەرش پادىشاھلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاغۋات قىلغانلارمۇ بار. بۇ سۆزنى قوبۇل قىلالايدىغانلار قوبۇل قىلسۇن! – دېدى» («مات.» 12-3:19)

تەۋرات دەۋرىدە، پەرىسىيلەر دېگەندەك، خۇدا ئىسرائىلغا تالاق قىلىشقا يول قويغان («مۇسا بۇيرۇغان» ئەمەس). بۇ بەلگىلىمە مۇنداق: —

«ئەگەر بىرسى بىر ئايالنى ئەمرىگە ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭدا بىرەر سەت ئىشنى بىلىپ، ئۇنىڭدىن سۆيۈنمىسە، ئۇنداقتا ئۇ تالاق خېتىنى پۈتۈپ، ئۇنىڭ قولىغا بېرىشى كېرەك؛ ئاندىن ئۇنى ئۆز ئۆيىدىن چىقىرىۋەتسە بولىدۇ. ئايال ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىققاندىن كېيىن باشقا ئەرگە تەگسە بولىدۇ» («قانۇن شەرھى» 1:24).

پەرىسىيلەر ئەيسانىڭ تالاق قىلىش توغرۇلۇق تەلىمىنى توغرا چۈشەنگەنىدى؛ دېمەك، ئۆزگە ئېتىقاد قىلغۇچى كىشىلەرنى تالاق قىلىشقا بولمايدۇ (پەقەت زىنا بىلەن ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقى سەۋەبى تۈپەيلىدىن تالاق قىلىشقا بولىدۇ — «ماتتا» 32-31:5، 9:19 ۋە «ماركۇس» 12-2:10). ئەمەلىيەتتە خۇدا ئاللىقاچان قەدىمكى خەلقىگە ئۆزىنىڭ تالاق قىلىش ئىشىغا ئۆچ ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەنىدى («مالاكى» 16:2نى كۆرۈڭ).

خۇدانىڭ تالاق توغرىسىدىكى ئەمرىدە، نېمىشقا «كونا ئەھدە» ئاستىدا ياشىغان خەلقىگە بولغان ئەمرى بىلەن ھازىر «يېڭى ئەھدە»گە تايىنىپ ياشىغان خەلقىگە بولغان ئەمرىدە بۇ پەرق بار؟

رەببىمىزنىڭ پەرىسىيلەرگە بەرگەن جاۋابى «كونا ئەھدە»دىكى ئەمرلەر بىلەن يېڭى ئەھدىدىكى ئەمرلەرنىڭ بارلىق پەرقلەرنى چۈشىنىشكە بىزنى ھالقىلىق بىر ئاچقۇچ بىلەن تەمىنلەيدۇ: «تاش يۈرەكلىكىڭلاردىن مۇسا پەيغەمبەر ئاياللىرىڭلارنى تالاق قىلىشقا رۇخسەت قىلغان؛ لېكىن ئالەمنىڭ باشلىنىشىدا بۇنداق ئەمەس ئىدى». رەببىمىزنىڭ: «ئالەمنىڭ باشلىنىشىدا بۇنداق ئەمەس ئىدى» دېگەن سۆزى خۇدانىڭ ئادەمئاتىمىز ۋە ھاۋائانىمىزنى ياراتقىنىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. ناھايىتى ئېنىقكى (ئەمما كۆپ ئادەملەر ئۇنى ئۇنتۇيدۇ)، پەقەت بىر ئادەمئاتا، پەقەت بىر ھاۋائانىمىز بار ئىدى. خۇدانىڭ

ئادەمئاتىمىزغا بولغان پىلانى ھېچقانداق «تالاق قىلىش» مۇمكىنچىلىكىنى ياكى پۈرسىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەمەس. كۆپ باشقا ئىشلاردا بولغاندەك، خۇدانىڭ مەقسەت-پىلانىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن مەسىھ دېگەندەك «باشلام»غا قايتىشىمىز كېرەك. ھالبۇكى، ئادەمئاتىمىزنىڭ «گۇناھقا تېيىلىشى»نىڭ پاجىئەلىك، ئاپەتلىك ئاقىۋەتلىرى بىلەن، ھەممىمىزنىڭ ئادەمئاتىمىزدىن ۋارىس قىلغان گۇناھلىق تەبىئىتى ھەممىمىزدە «تاش يۈرەكلىك»نى تۇغدۇرغان. مەيلى يەھۇدىي بولساقمۇ، «يات ئەللىك» بولساقمۇ ھەممىمىز «قەبىھلىكلىرىمىز ھەم گۇناھلىرىمىزدا ئۆلگەن»؛ خۇدانىڭ ھەققانىي تەلەپلىرىگە ھېچ ئەمەل قىلالمايمىز. شۇڭا، خۇدا ئىسرائىلغا تەلەپلەرنى قويغاندا (ئۇلار ھەممىمىزدەك تاش يۈرەك بولغاچقا)، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ تولۇق ئىرادىسىنى تېخى ئاشكارىلىمىغان، ئەمما ئۇلارغا نىسبەتەن «ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن» تەلەپلىرى چەكلىك بىر قانۇننى بەردى. شۇنداق بولغىنى بىلەن، تەۋراتتا خاتىرىلەنگەندەك ئۇلار ھەتتا شۇ چەكلىك تەلەپلەرگىمۇ ئەمەل قىلىشتىن ئىنتايىن يىراقلاشتى.

خۇدانىڭ قانۇندا بولغان مەقسىتى «گۇناھنى پاش قىلىش» بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئىسرائىلغا قانۇن بەرگەندە ئۇلارغا تەۋرات قانۇنىدىكى تەلەپلەردىن تەلەپلىرى تېخىمۇ يۇقىرى، ئۆزىنىڭ توپ ماھىيىتىگە تولىمۇ ئۇيغۇن كامىل بىر قانۇن بەرگىنىنىڭ نېمە پايدىسى بولاتتى؟ جاۋابى، ھېچ پايدىسى يوق، ئەلۋەتتە؛ شۇنداق «تولۇق» قانۇن نازىل قىلىنغان بولسا، بەلكىم ھېچقانداق كىشى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا ئىنتىلمىگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ھازىر رەببىمىزنىڭ تالاق توغرۇلۇق سۆزلىرىنى چۈشىنىمىز: —

«تاش يۈرەكلىكىڭلاردىن مۇسا پەيغەمبەر ئاياللىرىڭلارنى تالاق قىلىشقا رۇخسەت قىلغان؛ لېكىن ئالەمنىڭ باشلىنىشىدا بۇنداق ئەمەس ئىدى». ئىنجىل دەۋرى كەلگەندە، خۇدا «يېڭى ئەھدە»سى بويىچە ئېتىقاد قىلغان ئىنسانلارغا «يېڭى قەلب، يېڭى روھ» بەرگەندىن كېيىن شۇ كىشىلەرگە تولۇق تەلەپلىرىنى، جۈملىدىن تالاق قىلىش توغرىسىدىكى ئەمرلىرىنى قويالايدۇ.

(كالام تەرجىمىسىدە، «كورىنتلىقلار (1)»دىكى «قوشۇمچە سۆز»دە «تالاق قىلىش» توغرىسىدىكى مۇزاكىرىنىمۇ كۆرۈڭ).

## ئىككىنچى مىسال: — مېھىر-مۇھەببەت توغرۇلۇق

«سىلەر «قوشناڭنى سۆيگىن، دۈشمىنىڭگە نەپرەتلەن» دەپ ئېيتىلغاننى ئاڭلىغان. بىراق مەن ئۆزۈم شۇنى سىلەرگە ئېيتىپ قويايكى، سىلەرگە دۈشمەنلىك بولغانلارغا مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىڭلار، سىلەردىن نەپرەتلەنگەنلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلغانلارغا دۇئا قىلىڭلار. شۇنداق قىلغاندا، ئەرشتىكى ئاتاڭلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن بولىسىلەر. چۈنكى ئۇ قۇياشىنىڭ نۇرىنى ياخشىلارغىمۇ ۋە يامانلارغىمۇ چۈشۈرىدۇ، يامغۇرنىمۇ ھەققانىيلارغىمۇ، ھەققانىيەتسىزلارغىمۇ ياغدۇرىدۇ. ئەگەر سىلەر ئۆزۈڭلەرگە مۇھەببەت كۆرسەتكەنلەرگىلا مېھىر-مۇھەببەت كۆرسەتسەڭلار، بۇنىڭ قانداقمۇ ئىنئامغا ئېرىشكۈچىلىكى بولسۇن؟ ھەتتا باجگىرلارمۇ شۇنداق قىلىۋاتامدۇ؟ ئەگەر سىلەر پەقەت قېرىنداشلىرىڭلار بىلەنلا سالام-سەھەت قىلىشساڭلار، بۇنىڭ نېمە پەزىلىتى بار؟ ھەتتا يات ئەللىكلەرمۇ شۇنداق قىلىدىغۇ! شۇڭا، ئەرشتىكى ئاتاڭلار مۇكەممەل بولغىنىدەك، سىلەرمۇ مۇكەممەل بولۇڭلار» («مات.» 5:43-48).

«مېنىڭ پەرىشتەم ئالدىڭدا يۈرۈپ، سېنى ئامورىي، ھىتتىي، پەرىززىي، قانائانىي، ھىۋىي ۋە يەبۇسىيلارنىڭ زېمىنىغا باشلاپ كىرىدۇ؛ مەن ئۇلارنى يوقىتىمەن.

سەن ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىغا باش ئۇرۇپ ئىبادەت قىلما ۋە ياكى ئۇلار قىلغاندەك قىلما؛ بەلكى ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنى ئۇزۇل-كېسىل چېقىۋەت، بۇت تۈۋرۈكلىرىنى ئۇزۇل-كېسىل كۇكۇم-تالغان قىلىۋەت؛ لېكىن خۇدايىڭلار پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادىتىدە بولۇڭلار» («مىس.» 23:23-24 — «قانۇن شەھرى» 7-بابنىمۇ كۆرۈڭ).

تەۋرات ۋە ئىنجىلنى ئوقۇيدىغان ئاقكۆڭۈل كىشلەرنىڭ بېشى بەزىدە شۇ نۇقتا توغرۇلۇق قايمۇقۇپ قالىدۇ. ئىنجىلدا رەب ئەيسا مەسىھ بىزگە ھەتتا دۈشمەنلىرىمىزگىمۇ مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىڭلار، دەپ بۇيرۇغان يەردە، تەۋراتتا «مىسىردىن چىقىش»تىكى مۇشۇ يەردە نېمىشقا ئىسرائىللارغا مۇشۇ

ئادەملەرنى يوقىتىڭلار، دەپ بۇيرۇلغان؟ نېمىشقا تەۋراتنىڭ باشقا يەرلىرىدىمۇ شۇنداق بۇيرۇق كۆرۈلىدۇ؟ خۇدانىڭ ئىرادىسى زادى نېمە؟ ئۇنداق بۇيرۇق زالىملىق ئەمەسمۇ؟

بۇنداق سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن بىز ئاۋۋال قانائانلارنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئىسرائىللارنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ: —

## (ئا) قانائانىيلارنىڭ ئەھۋالى

تۆت يۈز يىل ئىلگىرى خۇدا ئىبراھىمغا قانائان زېمىنىنى بېرەشكە ۋەدە قىلغان ۋاقتىدا ئۇنىڭغا يەنە مۇنداق دېگەنىدى: —

«پەرۋەردىگار ئابرامغا: جەزمەن بىلىشىڭ كېرەككى، سېنىڭ نەسلىڭ ئۆزلىرىنىڭ بولمىغان بىر زېمىندا مۇساپىر بولۇپ، شۇ يەردىكى خەلقنىڭ قۇللۇقىدا بولىدۇ ۋە شۇندا قىلا، بۇ خەلق ئۇلارغا تۆت يۈز يىلغىچە جەبىر-زۇلۇم سالىدۇ. لېكىن مەن ئۇلارنى قۇللۇققا سالغۇچى شۇ تائىپىنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىمەن. كېيىن ئۇلار نۇرغۇن بايلىقلارنى ئېلىپ شۇ يەردىن چىقىدۇ. ئەمما سەن بولساڭ، ئامان-خاتىرجەملىك ئىچىدە ئاتا-بوۋىلىرىڭغا قوشۇلىسەن؛ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ ئاندىن دەپنە قىلىنىسەن. لېكىن شۇ يەردە تۆت ئەۋلاد ئۆتۈپ، نەسلىڭ بۇ يەرگە يېنىپ كېلىدۇ؛ چۈنكى ئامورىيلارنىڭ قەبىھلىكىنىڭ تېخى زىخى توشمىدى» («يار.» 15:15-17).

«ئامورىيلارنىڭ قەبىھلىكىنىڭ تېخى زىخى توشمىدى» ياكى «ئامورىيلارنىڭ قەبىھلىكى تېخى توشمىغانىدى» دېگەن سۆزلەر بىزگە، گەرچە زېمىندىكىلەرنىڭ گۇناھى شۇ زاماندا ناھايىتى ئېغىر بولغىنى بىلەن، خۇدا ئۇلارنىڭ بېشىغا ھۆكۈمنى چۈشۈرگۈچە ئۇلارغا تېخى توۋا قىلغۇدەك ۋاقىت بەرمەكچى ئىدى، دەپ كۆرسىتىدۇ. ئەگەردە «قەبىھلىكىنىڭ زىخى توشقان» بولسا، ئۇنداقتا ئىنسان گۇناھقا تولغان بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئاخىر بېرىپ خۇدا ئالدىدا توۋا قىلىپ قىلمىشلىرىنى تونۇتىش پۇرسەتلىرىنى رەت قىلغانلىقىنى

كۆرسىتىدۇ. شۇڭا خۇدانىڭ ئىبراھىمغا بولغان بۇ سۆزى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، كەلگۈسى بىر زاماندا ئۇ بۇ رەزىل قەبىلىلەرنى (ئاموررىيلار قانائانىيلار قەبىلىلەرنىڭ كاتتىباشىدۇر) زېمىنىدىن، شۇنداقلا يەر يۈزىدىن يوقاتماقچى ئىدى.

بىز «قانائانىيلار قانداق ئىدى؟» دەپ مۇقەددەس كىتابنىڭ باشقا قىسىملىرىدىن ئىزدىسەك ياكى ئارخېئولوگىيىلىك ئىسپاتتىن تەكشۈرسەك، نەتىجىسى ئوخشاش چىقىدۇ؛ ئۇلار دەرۋەقە «ۋەھشىي ئىلاھلارغا» چوقۇنغۇچىلار بولۇپ، بۇتپەرەسلىككە باغلىق ھەرخىل نەپرەتلىك ۋە يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلاتتى، جۈملىدىن ئىنسانلار (بولۇپمۇ ئۆز بالىلىرى)نى قۇربانلىق قىلاتتى. بۇتخانىلىرىدا ھەرخىل پاھىشىۋازلىق ۋە بەچچىۋازلىق ئۆتكۈزۈلەتتى (شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئارىسىدا ھەرخىل ساقايماس جىنسىي كېسەللىكلەر تارقالغان ئىدى)، ئۆرپ-ئادەتلىرى ھەرخىل زۇلۇم-رەھىمسىزلىكتىن ئايرىلمايتتى. شۇنداق بىر خەلق خۇدانىڭ خەلقى ئىسرائىلنى بۇلغاپلا قالماي، بەلكى يىرگىنچلىكلىكنى پۈتكۈل دۇنياغا يۇقتۇرۇشى مۇمكىن ئىدى. ياخشى بىر تاشقى كېسەل دوختورى ئادەمنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ تېنىدىن ئۆلۈك ئەتلىرىنى كېسىۋەتكىنىدەك، خۇدامۇ شۇ كىشىلەرنى دۇنيادىن كېسىۋەتمەكچى ئىدى؛ ئىسرائىل بولسا ئۇنىڭ پىچىقى بولاتتى.

## (ئە) ئىسرائىلنىڭ ئەھۋالى: —

تەۋرات دەۋرىدىكى خۇدانىڭ ئىسرائىلغا تاپىلىغان بارلىق ئەمرلىرى توغرۇلۇق توختالغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ خۇدانىڭ نىجاتىنى تېخى تولۇق كۆرمىگەن بىر خەلق ئىكەنلىكىنى يادىمىزدا تۇتۇشىمىز كېرەك. شۇڭا تەۋراتتا خاتىرىلەنگەن ئەمرلەر بەلكىم خۇدانىڭ كۆڭلىدىكىدەك مەقسەت-مۇددىئالىرىنى تولۇق بىلدۈرۈپ كېتەلمەسلىكى مۇمكىن؛ بەلكى ئۇ كۆڭلى قاتتىق بىر خەلق قوبۇل قىلغۇدەك، ئۇلارغا نىسبەتەن مۇمكىن بولىدىغان، ئۇلار ئادا قىلالىغۇدەك ئەمرلەرنى تاپشۇرغان. بۇ ئىش رەببىمىزنىڭ «ماتتا» 19-باب، 3-9-ئايەتتە «تالاق بېرىش» توغرۇلۇق بولغان سۆزلىرىدە ئېنىق چۈشەندۈرۈلىدۇ، بولۇپمۇ 7-8-ئايەتتە خاتىرىلەنگەن بۇ مىسالدا: —

«پەرىشتىلەر ئۇنىڭدىن يەنە: — ئۇنىڭدا مۇسا پەيغەمبەر نېمە ئۈچۈن تەۋرات قانۇنىدا ئەر كىشى ئۆز ئايالىغا تالاق خېتىنى بەرسىلا ئاندىن ئۇنى قويۇۋېتىشكە بولىدۇ، دەپ بۇيرۇغان؟ — دەپ سوراشتى.

ئۇ ئۇلارغا: — تاش يۈرەكلىكىڭلاردىن مۇسا پەيغەمبەر ئاياللىرىڭلارنى تالاق قىلىشقا رۇخسەت قىلغان؛ لېكىن ئالەمنىڭ باشلىنىشىدا بۇنداق ئەمەس ئىدى» — دېدى».

خۇداغا مىڭ تەشەككۈر، «يېڭى ئەھدە» تۇزۇلۇشى بىلەن، يەنى ئۆز روھىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە چەكسىز ئىلتىپاتى بىلەن، خۇدانىڭ بارلىق ئەمرلىرىگە، جۈملىدىن «سىلەرگە دۈشمەنلىك بولغانلارغا مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىڭلار، سىلەردىن نەپرەتلەنگەنلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلغانلارغا دۇئا قىلىڭلار» («ماتتا» 5-بابنى كۆرۈڭ) دېگىنىگە ئەمەل قىلىشقا ئۈرگۈپ چىقىدىغان يېڭى قەلبلەر ۋە يېڭى روھلار باردۇر. مانا بۇ «يېڭى ئەھدە»دىكى پاك-مۇقەددەسلىكتۇر. «كونا ئەھدىدىكى پاك-مۇقەددەسلىك» بولسا باشقىچە ئىدى — خۇدا ئۆز خەلقىنى بۇلغىغۇچى ئامىللاردىن ساقلىنىشقا ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا بىرخىل «قاشا» سېلىشى كېرەك. قانائانىيلارنى زېمىندىن چىقىرىۋېتىش ھەم كېيىن ئۇلارنىڭ ئىسرائىل زېمىنىنىڭ سىرتىدىكى قالدۇقلىرى بىلەن ھېچقانداق باردى-كەلدى قىلماسلىقى بولسا، ئىسرائىلنى مەسىھنىڭ دۇنياغا كېلىشىگىچە ئايرىم ساقلايدىغان مۇشۇ «قاشا»نىڭ دەل كېرەك بولغان بىر قىسمى ئىدى.

بىز «ئەفەسۇسلۇقلارغا»دىكى «قوشۇمچە سۆز»ىمىزدىن نەقىل كەلتۈرىمىز: — «مەسىھنىڭ كېلىشى بىلەن بۇ «قاشا» كېرەكسىز بولغانىدى؛ ئىسرائىل مەسىھ تەرىپىدىن قۇتقۇزۇلغان بولسا، يەنە تائىپە قوشنىلىرىنىڭ بۇلغىغۇچى تەسىرلىرىگە بېقىنىپ كېتىشى مۇمكىن بولمايتتى؛ ئەكسىچە، ئۇلار تولۇپ تاشقان پاك-مۇقەددەس مۇھەببەت بىلەن ئۆز ئەتراپىدىكىلەرگە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن بولاتتى. شۇنچە پاسكىنىلىق ئارىسىدا تۇرغان بولسىمۇ، ئۇلاردا پاك-مۇقەددەس تۇرۇۋېرىدىغان بىرخىل پاك-مۇقەددەسلىك بار بولاتتى؛ ھەرقانداق ئۆچمەنلىك ۋە

نەپرەت ئارىسىدا تۇرغان بولسىمۇ، ئۇلاردا مېھرىبانلىق تورۇۋېرىدىغان بىرخىل مۇھەببەت بار بولاتتى (شۇڭا ھازىر بارلىق ئىبتىقادچىلارغا، ئۇ يەھۇدىي بولسۇن، يەھۇدىي بولمىسۇن، ھېچقانداق «قاشا» كېرەك ئەمەس)».

لېكىن كونا ئەھدە دەۋرىدە، يەنى تەۋرات دەۋرىدە بولسا (خۇدانىڭ روھى تېخى ئاتا قىلىنمىغاچقا)، شۇنداق بىرنەچچە «قاشا» بولغان ئەمرلەر ئىنتايىن كېرەك ئىدى («قاشا» بولغان ئەمرلەرنىڭ ئەڭ قاتتىقى «**قانائانىيلارنى قىرىڭلار، ھەيدىۋېتىڭلار**» دېگەندەك ئەمرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك ئىدى). لېكىن بۇلار ھازىر دەرۋەقە مەسىھنىڭ مۇھەببەت ۋە كۈچ-قۇدرىتىكە تولغان يۈكسەك ئەمرلىرى تەرىپىدىن بىكار قىلىنغاندۇر؛ خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى بىلەن ئۇلاردا ماڭايلى!

(ئىزاھات — جامائەتنىڭ دۇنياغا بېرىدىغان گۇۋاھچىلىقىدا بىرخىل «قاشا» تېخى كېرەك. مەلۇم بىر ئىبتىقادچى گۇناھقا پېتىپ قىلىپ، توۋا قىلماي ئوچۇق-ئاشكارە گۇناھ سادىر قىلىۋەرسە، ئۇنداقتا جامائەت شۇ كىشىنى ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىن، باردى-كەلدىسىدىن ئايرىۋېتىشى كېرەك («1كور.» 1:5-13، « رىم.» 17:16، «2تىم.» 3:14-15نى كۆرۈڭ). بۇ «قاشا»نىڭ مەقسىتى: (ئا) گۇناھ قىلىشتىن يانمىغان شۇ كىشىنى توۋا قىلىشقا ئۈندەش؛ (ئە) جامائەتنىڭ ئالەم ئالدىدىكى گۇۋاقچىلىقىنىڭ پاكلىقى ۋە ئېنىقلىقىنى ساقلاش؛ قىسقىسى، «خۇش خەۋەر»گە ئىشەنمىگەن ياكى خۇش خەۋەرنى ئاڭلىمىغانلارنىڭ جامائەتنىڭ ئىشلىرىغا قاراپ: «خۇدا مۇقەددەس ئەمەس ئىكەن» ياكى «خۇدا ھەققانىي ئەمەس ئىكەن» دەپ ئويلاپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش).

## ئۈچىنچى مىسال: —

«مات.» 5:21-22دە «**بۇرۇنقىلارغا**» «**قاتىللىق قىلما، قاتىللىق قىلغان ھەرقانداق ئادەم سوراققا تارتىلىدۇ» دەپ بۇيرۇلغانلىقىنى ئاڭلىغانسىلەر. بىراق مەن ئۆزۈم شۇنى سىلەرگە ئېيتىپ قويايكى، ئۆز**

قىرىندىشىغا بىكاردىن-بىكار ئاچچىقلانغانلارنىڭ ھەربىرىمۇ سوراققا تارتىلىدۇ. ئۆز قېرىندىشىنى «ئەخمەق» دەپ تىللىغان ھەركىم ئالىي كېڭەشمىدە سوراققا تارتىلىدۇ؛ ئەمما قېرىنداشلىرىنى «تەلۋە» دەپ ھاقارەتلىگەن ھەركىم دوزاخنىڭ ئوتىغا لايىق بولىدۇ».

رەببىمىز بۇ تەلىمدە تەۋرات قانۇنىدىكى قاتىللىق توغرۇلۇق ئەمرنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. ئېنىقكى، روھ-قەلبىدە «خۇدا ئۆزى بىلەن دوست بولۇش»قا تەقەززا بولغان ئىنسانلارغا نىسبەتەن، خۇدانىڭ ئۇلارغا بولغان تولۇق تەلىپى «قەلبىڭلاردا قاتىللىق بولمىسۇن، نەپرەت بولمىسۇن» دېگەنلىكتۇر. دېگىنىمىزدەك، ئادەمنىڭ قەلب-روھىنىڭ شۇنداق مېھىر-مۇھەببەتكە تولدۇرۇلۇشى پەقەت خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى بىلەن بولالايدۇ، ئەلۋەتتە.

## تۆتىنچى مىسال: —

«سىلەر «زىنا قىلماڭلار» دەپ بۇيرۇلغانلىقىنى ئاڭلىغانسىلەر. بىراق مەن ئۆزۈم شۇنى سىلەرگە ئېيتىپ قوياي، بىرەر ئايالغا شەھۋانىي نىيەت بىلەن قارىغان كىشى كۆڭلىدە ئۇ ئايال بىلەن ئاللىقاچان زىنا قىلغان بولىدۇ» («مات.» 5:27-28)

رەببىمىز بۇ تەلىمدە تەۋرات قانۇنىدىكى زىنا توغرۇلۇق ئەمرنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. ئۇ مۇسا ئارقىلىق چۈشۈرۈلگەن مۇشۇ ئەمرنى تەستىقلايدۇ، ئەلۋەتتە، ئاندىن ئەمرنى ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا تەدبىقلايدۇ. مۇسا ئارقىلىق كەلگەن قەدىمكى ئەمر خۇدا ئىنساننىڭ قەلبىگە ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى ئايان قىلىدىغان، تولۇق تەلىپىنى تېخى بىلدۈرمىگەنىدى. ئەمرنىڭ ئۈستىگە چوڭقۇر ئويلانغانلار بەلكىم «ئەمرنىڭ ئىچكى مەنىسى ئىنسانلاردىن شۇنداق «پاك قەلب»لىك بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ» دېگەن خۇلاسىگە كېلىشى مۇمكىن؛ لېكىن رەببىمىز شۇ ھەقىقەتنى ئېنىق ئايان قىلىدۇ. مەسىھكە ئېتىقاد قىلىشى بىلەن خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلار شۇنداق ساپ قەلبلىك بولۇشقىمۇ ۋارىسلىق قىلىدۇ («رىم.» 17:14)؛ خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى بىلەن، مۇقەددەس روھنىڭ ئىش كۆرۈشى بىلەن ئىنساننىڭ قەلبى پاكلىنىدۇ («مات.» 8:5).

ئاخىردا، تەۋرات قانۇنىنىڭ ئىنجىل بىلەن، يەنى «يېڭى ئەھدە» بىلەن باغلىق بولغان يەنە ئۈچ تەرىپىگە نەزەر سالايلى: —

## (ئا) «مېھىر-مۇھەببەت تەۋرات قانۇنىنىڭ تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىدۇر»

«بىر-بىرىڭلارنى سۆيۈشتىن باشقا، ھېچكىمگە ھېچنەرسىدىن قەرزدار بولماڭلار. چۈنكى باشقىلارنى سۆيگەن كىشى تەۋرات قانۇنىنىڭ تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولىدۇ. چۈنكى «زىنا قىلما، قاتىللىق قىلما، ئوغرىلىق قىلما، نەپسانىيەتچىلىك قىلما» دېگەن پەرھىزلەر ۋە بۇلاردىن باشقا ھەرقانداق پەرزلەرمۇ، «قوشناڭنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆيگىن» دېگەن بۇ ئەمرگە يىغىنچاقلانغان. مېھىر-مۇھەببەتكە بېرىلگەن كىشى ئۆز يېقىنىغا ھېچقانداق يامانلىق يۈرگۈزمەيدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن، مېھىر-مۇھەببەت تەۋرات قانۇنىنىڭ تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىدۇر» («رىم.» 13:10).

روسۇل پاۋلۇسنىڭ بۇ تەلىمىدە خۇدانىڭ تەۋرات قانۇنىدا بولغان تۈپ مەقسىتىنى باشقا نۇقتىنەزەردىن كۆرىمىز. دېمەك، ئىنسانلارنى ئۆز يېنىغا قايتۇرۇش — ئۇنى مەسىھدە بولغان نىجات بىلەن «ئۆزىنىڭ ئوبرازى»، «ئۆزىنىڭ سۈرىتى»گە كەلتۈرۈپ، مېھىر-مۇھەببەت ئىچىدە ياشايدىغان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بىز شۇ مەقسەتنى تۆۋەندىكىدەك ئىچلاملىساق بولىدۇ:

(ئا) بىرسى مېھىر-مۇھەببەت ئىچىدە ياشىيالايدىغان بولسا (مەسىھ شۇنداق قىلغان) ئۇ تەۋرات قانۇنىنى مۇكەممەل ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى بولىدۇ. مەسىھدىن باشقا ھېچكىم شۇنداق قىلمىدى ۋە قىلالمايدۇ.

(ئە) گەرچە تەۋرات قانۇنى خۇدادا بولغان تولۇق پاك-مۇقەددەسلىكنى ۋە ھەققانىيلىقنى تولۇق كۆرسەتمىگىنى بىلەن، ئۇ «خۇدانىڭ قورالى» بولۇپ، ئۇنى

ئوقۇغان ئىنسانغا ئۆز گۇناھىنى، شۇنداقلا گۇناھىنىڭ دەھشەتلىكىنى ئوبدان تونۇتىدۇ.

(ب) ئىنسانغا ئۆز گۇناھىنى تونۇتۇش يەنى ئۇنىڭغا نىجاتكارغا بولغان مۇتلەق ھاجىتىنى كۆرسىتىدۇ.

(پ) ئىنسان مەسىھنى «نىجاتكارىم» دەپ تونۇپ نىجاتقا ئېرىشىدۇ

(ت) نىجاتتا مۇقەددەس روھ ئىنساننىڭ تەبىئىتىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى قەلب، يېڭى روھ بەرگەچكە، ئىنسان مېھىر-مۇھەببەتلىك ھاياتقا كەلگەن بولىدۇ — دېمەك، خۇداغا بولغان مېھىر-مۇھەببەتتە، ئۆز يېقىنىغىمۇ بولغان مېھىر-مۇھەببەتتە ياشايدىغان بىر ھاياتقا كەلگەن بولىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا «مېھىر-مۇھەببەت تەۋرات قانۇنىنىڭ تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىدۇر» دېيەلەيمىز.

تۆۋەندىكى ئايەتلەر بىزگە تەۋرات قانۇنى توغرۇلۇق ئوخشاش ھەقىقەتلەرنى كۆرسىتىدۇ: —

«بىر-بىرىڭلارنى سۆيۈشتىن باشقا، ھېچكىمگە ھېچنەرسىدىن قەرزدار بولماڭلار. چۈنكى باشقىلارنى سۆيگەن كىشى تەۋرات قانۇنىنىڭ تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولىدۇ. چۈنكى «زىنا قىلما، قاتىللىق قىلما، ئوغرىلىق قىلما، نەپسانىيەتچىلىك قىلما» دېگەن پەرھىزلەر ۋە بۇلاردىن باشقا ھەرقانداق پەرزلەرمۇ، «يېقىنىڭنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆيگىن» دېگەن بۇ ئەمردە يىغىنچاقلانغان. مېھىر-مۇھەببەتكە بېرىلگەن كىشى ئۆز يېقىنىغا ھېچقانداق يامانلىق يۈرگۈزمەيدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن، مېھىر-مۇھەببەت تەۋرات قانۇنىنىڭ تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىدۇر» («رىم.» 13:8-10).

«چۈنكى پۈتكۈل تەۋرات قانۇنى «يېقىنىڭنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆيگىن» دېگەن بىرلا ئەمردە ئەمەل قىلىنىدۇ» («گال.» 14:5)

«ۋەھالەنكى، مۇقەددەس روھنىڭ مېۋىسى بولسا مېھىر-مۇھەببەت،

شاد-خۇراملىق، خاتىرجەملىك، سەۋر-تاقەت، مېھرىبانلىق، ياخشىلىق، ئىشەنچ-سادىقلىق، مۆمىن-مۇلايىملىق ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشتىن ئىبارەت. مۇشۇنداق ئىشلارنى توسىدىغان ھېچقانداق قانۇن يوقتۇر» («گال.» 22:5-23)

«ئەمدىلىكتە بىزگە تاپىلانغان تەلىمنىڭ مۇددىئاسى ساپ قەلب، پاك ۋىجدان ۋە ساختىلىقسىز ئېتىقادتىن كېلىپ چىقىدىغان مېھىر-مۇھەببەتتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئىشلاردا بەزى كىشىلەر چەتنەپ، بىمەنە گەپلەرنى قىلىشقا بۇرۇلۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ تەۋرات قانۇنىنىڭ ئۆلىماسى بولغۇسى بار؛ بىراق ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ياكى ئۆزلىرىنىڭ ھەدەپ قەيت قىلىۋاتقان سۆزلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ.

ئەمدى بىزگە مەلۇمكى، ئەگەر كىشىلەر تەۋرات قانۇنىنى ئەسلى مۇددىئاسىدا قوللانسا، ئۇ پايدىلىقتۇر. چۈنكى بىز يەنە شۇنى بىلىمىزكى، تەۋرات قانۇنى ھەققانىي ئادەملەر ئۈچۈن تۈزۈلگەن ئەمەس، بەلكى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار ۋە بويىنى قاتتىقلار ئۈچۈن، ئىخلاسسىزلار ۋە گۇناھكارلار ئۈچۈن، ئىپلاسلار ۋە كۇپۇرلۇق قىلغۇچىلار ئۈچۈن، ئاتىسىنى ئۆلتۈرگۈچىلەر ۋە ئانىسىنى ئۆلتۈرگۈچىلەر ئۈچۈن، قاتىللار، بۇزۇقلۇق قىلغۇچىلار، بەچچىۋازلار، ئادەملەرنى قۇللۇققا بۇلىغۇچىلار، يالغانچىلار، قەسەمخورلار ئۈچۈن ۋە ياكى ساغلام تەلىملەرگە زىت بولغان باشقا ھەرقانداق قىلمىشلاردا بولغانلار ئۈچۈن تۈزۈلگەن. – بۇ تەلىملەر تەشەككۈر-مۇبارەككە لايىق بولغۇچى خۇدانىڭ ماڭا ئامانەت قىلغان شان-شەرىپىنى ئايان قىلغان خۇش خەۋەرگە ئاساسلانغان» (تىموتىيئۇس (1)» 1:5-11)

«كالام ئىنسان بولدى ھەم ئارىمىزدا ماكانلاشتى ؛ ۋە بىز ئۇنىڭ شان-شەرىپىگە قارىدۇق – ئۇ شان-شەرەپ بولسا، ئاتىنىڭ يېنىدىن كەلگەن، مېھىر-شەپقەت ۋە ھەقىقەتكە تولغان بىردىنبىر يېگانە ئوغلىنىڭكىدۇر.. چۈنكى ھەممىمىز ئۇنىڭدىكى تولۇپ تاشقانلاردىن ئېلتىپات ئۈستىگە

ئىلتىپات ئالدۇق.

چۈنكى تەۋرات قانۇنى مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەندى؛ لېكىن مېھىر-شەپقەت ۋە ھەقىقەت ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق يەتكۈزۈلدى» («يۇھ.» 1:14-17)

## (ئە) تەۋرات قانۇنىدىكى بېشارەتلەر ھەم «بېشارەتلىك رەسىم»لەر

تەۋرات قانۇنى نۇرغۇن جەھەتلىرىدە بىزنى بىۋاستە ئاجايىب، ئوچۇق بېشارەتلەر ياكى «بېشارەتلىك رەسىم»لەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. «بېشارەتلىك رەسىم»لەر دېگىنىمىز — تەۋراتتا مەلۇم بىر ئەمردە، مەلۇم بىر ۋەقەدە، مەلۇم بىر شەخستە بولغان ئىشلاردا مەسىھنىڭ كېلىشىدىن خېلى بۇرۇنلا بېشارەت سۈپىتىدە ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ مەلۇم بىر جەھەتى، ئۇنىڭ قۇتقۇزغان خەلقى (جامائىتى) بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئۇنىڭ ئىبلىس بىلەن بولغان جېڭى قاتارلىق ھەرتۈرلۈك تەپسىلاتلىرى ئالدىنئالا كۆرۈنىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

تۆۋەندە بىز پەقەت تۆت مىسالنى تىلغا ئالىمىز: —

(ئا) «مىس.» 2:21-6دە ھۆرلۈككە چىقىشقا ھوقۇقلۇق قۇلنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق بەلگىلىمىنى كۆرىمىز. قىزىق ئىش شۇكى، بەزىدە قۇللار خوجىسىنىڭ ئۆيىدە قېلىشنى تاللايدۇ. بۇنداق قۇلنىڭ خوجىسىغا بولغان مۇھەببىتىدە بىز مەسىھنىڭ ئاتىسىغا بولغان مۇھەببىتىنى، شۇنداقلا مەسىھنىڭ ئاتىسى «ئۇنىڭغا بەرگەن ئائىلىسى» بولغان جامائەتكە بولغان مۇھەببىتىنى كۆرىمىز. قۇلنىڭ ئىگىسىگە بولغان مۇھەببىتى ۋە بويسۇنۇشىنىڭ ئىپادىسى بولسا قۇلنىڭ ئەتلىرى سانجىلىپ، تېشىلىپ ياغاچقا ۋاقىتلىق بېكىتىلگەنلىكىدۇر. شۇ «ياغاچقا بېكىتىلىش» كەلگۈسى ئاتىسىغا بولغان مۇھەببىتى ئۈچۈن مەسىھنىڭ سانجىلىپ ۋاقىتلىق ياغاچقا بېكىتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

(ئە) «مىسىردىن چىقىش» 25-31 بابلاردا مۇسا خۇدادىن «مۇقەددەس چېدىر»نىڭ كېرەك بولىدىغان تەپسىلاتلىرىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. شۇ مۇقەددەس

چېدىرنىڭ ھەربىر تەپسىلاتى مەسىھنى كۆرسىتىدىغان كۆركەم بىر بېشارەتلىك رەسىمدۇر؛ چۈنكى شۇ يەردە ئىنسانلار خۇداغا قۇربانلىق ئارقىلىق يېقىنلىشىش پۇرسىتى بولاتتى. «يۇھ.» 14:1دە «كالام ئىنسان بولدى ھەم ئارىمىزدا ماكانلاشتى (گرېك تىلىدا «چېدىرنى تىكىپ تۇردى»)» دېيىلىدۇ. «مىسىردىن چىقىش»قا بولغان «قوشۇمچە سۆز»نىمىزنى كۆرۈڭ.

(ب) «لاۋىيلار» 15-باب ۋە «قانۇن شەھرى» 14-بابتا قايسى ھايۋانلارنىڭ «ھالال»، قايسى ھايۋانلارنىڭ «ھارام» دەپ بېكىتىلگىنى بىزنى ئىنجىل دەۋرىدە خۇدانىڭ خەلقىنىڭ ھاياتىدا نېمە ئىشلارنىڭ مەقبۇل، نېمە ئىشلارنىڭ مەقبۇل ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئوبدان «بېشارەتلىك رەسىم» بىلەن تەمىنلەيدۇ.

(پ) «چۆل.» 4:21-9دە، ئىسرائىللار گۇناھ سادىر قىلغاندا، خۇدا ئۇلارغا تەربىيە بېرىش ئۈچۈن ئارىسىغا يىلانلارنى ئەۋەتكەن، دەپ خاتىرىلىنىدۇ. يىلانلار نۇرغۇن ئادەملەرنى چاققان، مۇسا خۇدانىڭ يوليورۇقى بىلەن تۇچتىن بىر يىلان ياساپ، ئۇنى ھاسىغا بېكىتىپ، ھاسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئىسرائىلنىڭ بارگاھىنى ئايلىنىپ ماڭغان. يىلانلارنىڭ زەھىرىدىن ئۆلەي دەپ قالغانلار ئەگەر ئىمان بىلەن شۇ تۇچ يىلانغا قارىسا ساقايغان.
بۇ ۋەقە ئەيسانىڭ كرېستتە كۆتۈرۈلۈشىگە «بېشارەت رەسىم» بولىدۇ. گۇناھدىن ئۆلەي دېگەنلەر ئەيساغا ئىمان بىلەن قارىسا (ئەيسا بىز ئۈچۈن گۇناھنىڭ ئۆزى قىلىنغان، «2كور.» 21:5) گۇناھتىن ساقايتىلىدۇ — دېمەك، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىدۇ.

«مۇسا چۆلدە تۈچ يىلاننى كۆتۈرگەندەك، ئىنسانئوغلىمۇ ئوخشاشلا شۇنداق ئېگىز كۆتۈرۈلۈشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ ھەممىسى ھالاك بولماي، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشەلەيدۇ» («يۇھ.» 3:14-15).

(ت) «قانۇن شەھرى» 18-بابتا «كەلگۈسى زاماندىكى پەيغەمبەر» توغرۇلۇق

بېشارەت بېرىلىدۇ. بارلىق ئىنسانلار شۇ پەيغەمبەرگە قۇلاق سېلىشى كېرەك، بولمىسا قۇتقۇزۇلمايدۇ، دېيىلىدۇ. دېمىسەكمۇ مەسىھ دەل شۇ پەيغەمبەردۇر. «كالام تەرجىمىسى»دا «قانۇن شەھرى»دىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمۇ كۆرۈڭ.

«تەۋرات قانۇنى»دا مەسىھنى ئالدىنئالا تەسۋىرلەنگەن يۈزدىن كۆپ بېشارەت ياكى «بېشارەتلىك رەسىم»نى بايقايسىز. روسۇل پاۋلۇس مۇشۇ بېشارەتلەرنى ۋە بېشارەتلىك رەسىملەرنى كەلگۈسىدىكى بىر جىسمنىڭ «بىر كۆلەڭگە»سى، دەيدۇ. «جىسىم» بولسا رەب ئەيسا مەسىھ، كۆلەڭگە بولسا تەۋرات قانۇنىدىكى بارلىق بەلگىلىمىلەر ۋە تەلەپلەردۇر («كول.» 2:16-17نى كۆرۈڭ).

## (ب) تەۋرات قانۇنىدىكى «قۇربانلىقلار»غا بولغان تەلەپلەر

تەۋرات قانۇنى ئارقىلىق ئىنساننىڭ گۇناھى ئايان قىلىنىپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭدا خۇدانىڭ گۇناھنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئىنساننى گۇناھتىن قۇتقۇزۇش يولى قۇربانلىق يولى، دەپمۇ بېكىتىلىدۇ. «لاۋىيلار»دىكى «قوشۇمچە سۆز»نىمىزدە بايان قىلغىنىمىزدەك، ئىسرائىلغا بېكىتىلگەن بەش خىل ھەدىيە-قۇربانلىق كەلگۈسىدىكى «ئەڭ ئاخىرقى قۇربانلىق»نى، يەنى مەسىھنىڭ كرېستتىكى ئۆلۈۋېلىشىنى بەش جەھەتتىن ئالدىنئالا كۆرسىتىدۇ. دېمىسەكمۇ، تەۋرات قانۇنىدا بېكىتىلگەن شۇ قۇربانلىقلارنىڭ ھازىر ھاجىتى قالمايدۇ، مەسىھنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ھېچ كېرەك ئەمەس.

«ئۇنداقتا، تەۋرات قانۇنىنى چۈشۈرۈشتىكى مەقسەت نېمە؟ ئۇ بولسا، ئىنسانلارنىڭ ئىتائەتسىزلىكلىرى تۈپەيلىدىن، خۇدانىڭ مىراسى ۋەدە قىلىنغۇچى، يەنى ئىبراھىمنىڭ نەسلى دۇنياغا كەلگۈچە قوشۇمچە قىلىپ بېرىلگەن؛ ئۇ پەرىشتىلەر ئارقىلىق بىر ۋاستىچىنىڭ قولى

بىلەن بېكىتىلىپ يولغا قويۇلغان. ئەمما «ۋاستىچى» بىر تەرەپنىڭلا ۋاستىچىسى ئەمەس (بەلكى ئىككى تەرەپنىڭكىدۇر)، لېكىن خۇدا ئۆزى يەكقەت بىردۇر. ئۇنداقتا، تەۋرات قانۇنى خۇدانىڭ ۋەدىلىرىگە زىتمۇ؟ ياق، ھەرگىز! ئەگەر بىرەر قانۇن ئىنسانلارنى ھاياتلىققا ئېرىشتۈرەلەيدىغان بولسا، ئۇنداقتا ھەققانىيلىق جەزمەن شۇ قانۇنغا ئاساسلانغان بولاتتى. ھالبۇكى، مۇقەددەس يازمىلار پۈتكۈل ئالەمنى گۇناھنىڭ ئىلكىگە قاماپ قويغان. بۇنىڭدىكى مەقسەت، ئەيسا مەسىھنىڭ ساداقەت-ئېتىقادى ئارقىلىق ۋەدىنىڭ ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا بېرىلىشى ئۈچۈندۇر. لېكىن ئېتىقاد يولى كېلىپ ئاشكارە بولغۇچە، بىز تەۋرات قانۇنى تەرىپىدىن قوغدىلىپ، ئاشكارە بولىدىغان ئېتىقادنى كۈتۈشكە قاماپ قويۇلغاندۇق. شۇ تەرىقىدە، بىزنىڭ ئېتىقاد ئارقىلىق ھەققانىي قىلىنىشىمىز ئۈچۈن تەۋرات قانۇنى بىزگە «تەربىيىلىگۈچى» بولۇپ، بىزنى مەسىھكە يېتەكلىدى. لېكىن ئېتىقاد يولى ئاشكارا بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىز «تەربىيىلىگۈچى»نىڭ نازارىتىدە بولمىدۇق. چۈنكى ھەممىڭلار مەسىھ ئەيساغا ئېتىقاد قىلىش ئارقىلىق خۇدانىڭ ئوغۇللىرى بولدۇڭلار. چۈنكى ھەرقايسىڭلار مەسىھگە كىرىشكە چۆمۈلدۈرۈلگەن بولساڭلار، مەسىھنى كىيىۋالغان بولدۇڭلار» («گال.» 3:19-27).